مىراج سەرھەندىلى

# فارابىي

(تارىخىي قىسسە)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرپىدىن 2020 - يىلىنىڭ فارابىي
يىلى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىندى.

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# فارابىي

مىراج سەرھەندەلى

تەرجىمىدە : ئىلشات بەختىيار

مۇھەررىر : ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
2020 ـ يىلى ئۆكتەبىر. ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# مۇندەرىجە


بالاساغۇندا بىر بازار ................ 1
چوڭ سىناق................... 7
تىنىماي ئۆگىنىش............. 16
ئىزتىراپلار.................. 20
ماددى ۋە پىكرى ئايرىلىش...... 22
پەلسەپە بىلەن تونۇشۇش ........ 30
كۇتۇپخانىلارنى كېزىش.......... 35
تۇنجى ئەسەرلىرى ............. 38
ئىلىم سەپىرىدىن قايتىش......... 41
پىتنە ۋەسىجگە كەلدى............ 43
تەبىئەت بىلەن يالغۇز قېلىش....... 47
سىرلىق شامال ................ 49
چۈش ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈۋاتامدۇ؟ ........ 52
شۇنداق....................... 56
ئۇدنى(بەرباب، باربىت) ئۆزگەرتىش......... 60
تىل ئىنقىلابى ................ 63
يېڭىلىق ...................... 65
تېمىلار قايسى؟ ............... 67
يەنە ئايرىلىش................ 69
توختاۋسىز ئۆگىنىش ............ 73
قالۇن مەيدانغا كەلمەكتە ........... 77

www.uyghurkitap.com

«ئەجەبا»لىرىمۇ كەم ئەمەس................ 82
ئەسەر مەيدانىغا چىقماقتا................ 86
دۈشمەنمۇ غەلىبە قىلىدۇ................ 89
ئاقلىغۇچىلار........................ 93
مۇبالىغىلەر ئىچىدىكى ھەقىقەت.......... 101
گىرەلىشىپ كەتكەن داستان ۋە ئىبرەت.......... 104
ئاخىرقى ئايرىلىش.................. 107
ئۆز شېئىرلىرىدىن.................. 109
ئاخىرقى سەپەر.................. 111
فارابىنىڭ پەلسەپىسى.................. 112
ئەسەرلىرى.................. 115

# كىرىش

ھايات نۇرغۇنلىغان سىر-ئەسرالارغا، ھېكمەتلەرگە تولغان بولىدۇ. ھاياتقا بولغان قىزىقىش ۋە ئىنتىلىش ئىنساننى ھايات توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ۋە پىكىر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئىنساندىكى ھاياتلىقنىڭ سىرىنى يېشىش ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئىستىكىنىڭ تەپەككۇر ئارقىلىق ئىشقا ئېشىشىدۇر. كىشى داۋاملىق كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى شۇنداقلا دۇنيانى تونۇپ يەتمەكچى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئادەملەرنىڭ تەقى-تۇرقى ۋە چىرايى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاندەك، ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتىگە بولغان چۈشەنچىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. غەۋۋاسلار بىپايان ھايات دېڭىزىنىڭ تېگىدىن قىممەتلىك جاۋاھىلارنى سۈزۈپ چىقالايدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دېڭىز تەكتىدىن ھېچنىمىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، پىكىر قىلىشتىكى ھورۇنلۇق ۋە «ھەممە شۇنداق بولۇشى كېرەك» دەيدىغان قاراش، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر يولىنى توسۇپ، ھېچنەرسىنى كۆرەلمەس ۋە ئاڭقىرالماس ھالغا ئەكىلىپ قويغان بولىدۇ. ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغانلار، ئۈزلۈكسىز پىكىر يۈرگۈزۈپ تەپەككۇر قىلىدىغانلار، ھەقىقىي ھاياتلىقنى شۇنداقلا ئۇنىڭ قىممىتىنى تاپالايدۇ. كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى بۇ ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزىلەر

www.uyghurkitap.com

بولسا پەلسەپىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋاملاشقان سوئاللىرى پەلسەپىنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر.

پەلسەپە — بىرخىل مەدەنىيەت، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەت، بىر خىل پەن، بىر خىل سەنئەت، بىر خىل ياشاش شەكلى؛ پەلسەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسان نائىل بولغان تەپەككۇرلارنىڭ مۇجەسسەملىنىشىدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي پەلسەپە تارىخى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى كۆرۈنەرلىك دېگىلى بولمايدۇ. گەرچە تارىختا ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىگە مەنسۇپ كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، ئەدىبلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، فارابىدەك ئۆز ئالدىغا پەلسەپە سىستېمىسى ياراتقان پەيلاسوپ كۆرۈلۈپ باقمىدى. خۇددى ئابدۇشكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك:«فارابى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيانى بىلىش تارىخىدا، ئەپلاتون، ئارستوتېللاردىن كېيىن بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى سىستېما ياراتقان يىرىك مۇتەپەككۇردۇر.»

«ئۆز ئالدىغا پەلسەپىۋى سىستېما يارىتىش بەختىگە مۇيەسسەر بولۇش بىر پەيلاسوپ ۋە

شۇ پەيلاسوپ مەنسۇپ بولغان مىللەت ئۈچۈن ئىنتايىن يۇقىرى شان - شەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا، بىر مىللەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە پەيلاسوپى ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيە تارىخىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئورۇن ئالالايدۇ.»[1] دېمەك، بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي پەلسەپە تارىخىدا نېسىۋىسىز قالغان بولساقمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئۇزۇن مەزگىل يېتەكچىلىك رول ئوينىغان بىر مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ تارىخى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان مۇتەپەككۇر - پەيلاسوپلىرىمىزنى ئىلمىي ھاياتىمىزدىن يىراقلاشتۇرماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ۋە ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشىمىز شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقىرىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ساھەدىكى خىزمەتلىرىمىز ناھايىتى يېتەرسىز بولۇپ، كەڭ خەلقىمىز تا ھازىرغىچە ئۆز ئالىملىرى ھەققىدە چۈشەنچە ۋە تونۇشقا ئىگە بولالىغىنى يوق. جۈملىدىن ئەبۇ نەسىر ئەل فارابىمۇ ئەنە شۇنداق ئالىملىرىمىزدىن بىرى. 2020- يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «فارابىي يىلى»

1 يالقۇن روزى: «پەلسەپە قەسرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىش»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېكىتىلدى. ئەمما بىز پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر ئەل فارابىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، دۇنيا ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنغان، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ھاياتى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ۋە ئىلمىي مىراسلىرىدىن كۆپ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئەلۋەتتە، فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىغا ئالاقىدار تېمىلارنى سىلىشتۇرما ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇچۇن نە بۇ قۇرلار، نە بۇ ئەسەر يېتەرلىك ئەمەس، بۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىشكە، تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر مىراج سەرھەندەلىنىڭ بۈيۈك ئالىم فارابى ھەققىدە يازغان تارىخى قىسسىسى بولۇپ، بۇ يىلىنىڭ فارابىي يىلى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئازغىنە قىسسە بولسىمۇ سۇنۇش مەقسىتىدە تەرجىمە قىلىپ تەييارلاندى.

— تەرجىماندىن

# بالاساغۇندا بىر بازار

ئىسلام تارىخىنىڭ مەدىنە ۋە شامدىن كېيىنكى ئۈچىنچى سىياسىي كۆچ مەركىزى بولغان باغداد مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىملىرىدا بەكرەك تونۇلۇشقا باشلىغان ئىدى. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاپ، دۆلەت نوپۇزى قالمىغان، جىهاد روهىنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىمپېراتورلۇق پارچىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقانىدى. بىر تەرەپتىن مۇسۇلمان تۈركلەر هاكىمىيەتتە مۇهىم خىزمەتلەرگە ئورتاق بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى دۆلەتلەر قۇرۇلۇپ، كېڭىيىشكە باشلىغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئىران ۋە ماۋەرائۇننەهرگە هاكىم بولغان دۆلەت سامانىيلار، ئىسلام مەدەنىيىتىگە روه، ئەقىل ۋە قەلب يوللىرىدىن تامامەن ماسلاشقانىدى. ئەمدى تۈركلەر بۇ يېڭى ئالەمنىڭ سىياسىي ۋە ئەسكىرى ساهەلىرىدە بولغىنىدەك، بىلىم، پىكىر ۋە كۇلتۇر جەهەتتىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنى نامايەن قىلىشقا باشلاۋاتاتتى. رايوندا ئارقا - ئارقىدىن مەدرىسىلەر قۇرۇلۇپ، كۇتۇپخانىلار ئېچىلماقتا، يايلاقتا يېتىلگەن زېرەك زىهنىلەر ئىلىم ۋە تەپەككۇرغا تويۇنماقتا ئىدى. بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇنلىششى تاماملىنىپ، ئۆگىنىش سەھىپىسى ئېچىلغان، ئۆگىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە

تارقىتىش يوللىرى ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ جەسۇر ۋە ئاكتىپ ئىنسانلار ئىسلامغا يېقىندىن غالىبىيەت بېشارەتلىرى بەرگۈچى قەھرىمان خاراكتېرلىرى بىلەن سىياسىي تەشكىللىنىشلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن بىرگە، يېتىشكەن ئالىملىرى بىلەن ئىلىم ۋە پىكىر ساھەلىرىدىمۇ چاقناماقتا. قىسقىسى، سامانىيلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ماۋەرائۇننەھىر يېقىندىن جانلىق ۋە ئاكتىپ بىر كۇلتۇر ھاياتىغا قەدەم قويغان، يېڭى بىر ئىران ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلمەكتە ئىدى. رۇداكىغا ئوخشاش بىر شەخس مەيدانغا كەلدى، شەھىدى بەلخىدەك بىر ئالىم ۋە شائىر يېتىشمەكتە، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۇ رايوندا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېڭەيمەكتە ئىدى. «سىھاھۇل جەۋھەرى» ناملىق ئەرەب لۇغىتىنى يازغان ئىسمائىل ئىبنى ھەممادىل جەۋھەرى، «دىۋانۇل ئەدەب»نى يازغان ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم فارابىي قاتارلىق زاتلار تېخىمۇ كاتتا داھىيلارنىڭ خۇش بېشارىتى بولۇپ يۈكسەلمەكتە ئىدى.

مانا بۇلار ئەتراپىتىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە يېڭىچە بىر نەزەردە قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەركىمدە ئۇلۇغ ۋە مەنپەئەتلىك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈتىنى يالقۇنجاتتى. مەكتەپ، مەدرىسە ۋە كۇتۇپخانىلار بۈگۈنكى كوندىكى تىجارەت مەركەزلىرىگە ئوخشاش جانلىق ۋە ئاكتىپ ھالەتكە تولغان، ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىشى ئۆگىنىش ئىرادىسى ۋە غەيرىتى ھېسابلىناتتى. بۇ ئەھۋالدا چوڭ شەھەرلەرلا ئەمەس، بەلكى يېزا ـ قىشلاق

ھەتتا كەنتلەرمۇ ئىلىم تەشنالىقىدا ئۇستاز ۋە مەكتەپكە ئىنتىلىشكە باشلىغانىدى. كىچىك ئېقىنلارنىڭ دەريالارغا قوشۇلۇپ ئاندىن دېڭىزغا قۇيۇلغىنىغا ئوخشاش، تالانت ئىگىلىرى يېزا - بازار، كەنتلەردىن يېتىشىپ چىقىپ شەھەر مەركەزلىرىگە قاراپ ئاقاتتى. سياسىي نوپۇزنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى نەتىجىسىدە كۈندىلىك تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىنسانلار، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىلىم خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدىمەكتە. پەرزەنتلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىلىم - مەلۇماتلاردىن خەۋەردار قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

ۋەسىج — بۇ رايوندا تارقالغان ئىلىم ئاتموسفېراسىغا چوڭقۇر تويۇنغان بازارلاردىن بىرى ئىدى. بالاساغۇندا، قاراكۆل ئەتراپىدىكى فاراب شەھىرىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىگە جايلاشقان يېقىملىق ۋەسىج. بۇ يېقىملىلىق، ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەسكىرى رەئىس تارخان ئوغلى مۇھەممەد خۇددى پەقەتلا ناچار بىر ئېھتىماللىققا قارشى نۆۋەتتە تۇرغۇچى ئەسكەردەكلا ئىدى. ئەمما ئۇيۇقتا گۈزەل بىر ئېھتىماللىق بار. ئۇنىڭ پۈتۈن تىلىكى ۋە كۈتكىنى، تۇغۇلماقچى بولغان پەرزەنتىنىڭ ئوغۇل بولۇشى ۋە ئەقىللىق - زېرەك بولۇشى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى بىر ئەسكەر ۋە بۇنىڭدىنمۇ ئۇستۇن بولغان ئىلىم - ئىرپان ئىگىلىرىنى بىلگەن بىرسىدۇر. شۇڭا ئۇ ناھايىتى تەۋازۇلۇق بىلەن تۇغۇلماقچى بولغان پەرزەنتىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى خىيال قىلماقتا ئىدى. ئۇزلۇغ ئوغلى تارخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشىغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسىنىڭ ئىلىم ۋە ئەخلاقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تارقاتقۇچىلارغا ھۆرمەت ۋە خاتىرجەم مۇھىت يارىتىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا كۆرە قەھرىمان دېگەن يا قوغدايدۇ ياكى فەتھ قىلىدۇ. ھەر ئىككى ھالەتتە كۆزلەنگەن مەقسەت مال - دۇنيا ياكى تۇپراق ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنى ئوغلى ئايدىڭلىتىدىغان ئىلىم - ئېرپان كانىنىڭ كۆزەتچىسى دەپ خىيال قىلاتتى. ھەتتا، پەرزەنتى ئوغۇل بولسا، ئۆسۈپ يېتىلسە، ھېچ بولمىسا ۋەسىجگە قازى سۈپىتى بىلەن كەلسە، ئۆزى ئەسكەر باشلىقى سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆرسە... تارخان ئوغلى مۇھەممەد ئۇلۇغلۇققا تولغان يۈرەك ئىگىسى بىر ئەسكەر بولغاچ مانا مۇشۇنداق ئويلايتتى ۋە قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىگە مۇنداق نەسىھەت قىلاتتى: «شۇنى بىلىڭلار ۋە جەزملەشتۈرۈڭلاركى، قورال ۋە بەدەن كۈچۈڭلار ئارقىلىق ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنى قورقۇتۇپ بىر ھۆرمەتكە ئېرىشكەن كۈنۈڭلار، دۈشمەنگە قورقۇنچ سالالمايدىغان ھالغا چۈشكەن كۈنۈڭلاردۇر.»

874 - يىلى بىر كۈز ئاخشىمى، تارخان ئوغلى مۇھەممەدكە خۇشخەۋەر كەلدى:

«ئوغلىڭىز دۇنياغا كەلدى، رەئىس!»

ۋەسىجنىڭ قوماندانى خۇشاللىقتىن يۈرىكى قاتتىق سېلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئەمما ئېغىر بېسىقلىق

بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە دەرھال ئىبنىنى يىغىپ:

«مەن رەببىمدىن ئالىم ۋە سالىھ بىر پەرزەنت تىلىگەنىدىم. رەببىم دۇئايىمنى قوبۇل قىلغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شۈكۈر سەجدىسى قىلىشىم كېرەك» دېدى.

بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزگۈچىنى مۇكاپاتلىغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلەرگە دەرھال بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئەتراپتىكى بارلىق پېقىر - مىسكىنلەرنى چاقىرىش ۋە ھەركىمنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە دىنىي قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە يەپ - ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تاپىلىدى. ئاللاھ ئۇنى قانداق خۇشال قىلغان بولسا، ئۇمۇ پېقىر - مىسكىنلەرنى شۇنداق خۇش قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ئۆزىنى ئاللاھقا سېلىشتۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بەرگەن خۇشاللىقىغا قىلىنغان شۈكۈرنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى ئىدى.

ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇ ئاتا كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

«ئى ئاللاھ! ماڭا ئەۋەتكەن بۇ دۇنيا مىۋىسىنى ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلغىن، ئوغلۇمغا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەرىپىنى ئاتا قىلغىن، نەسلىمىزنى ئۆزۈڭ بەلگىلىگەن توغرا يولدىن يىراق قىلمىغىن!»

ۋەسىجنىڭ ئەسكىرى قوماندانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان چەكسىز ھۆرمەت ـ سۆيگۈسىنىڭ بەلگىسى بولسۇن ئۈچۈن، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد قويدى. ئۇدا ئۈچ كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن پېقىر ـ مىسكىنلەرنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن زىياپەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن يەنە دۇئاسىنى داۋاملاشتۇردى، ئىلگىرى سۇرگەن خىياللىرىغا لايىق بولۇش ئۈچۈن ھەربىر ھەرىكىتىدە تەقۋالىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشتى ۋە ئىبادەتلىرىنىمۇ كۆپەيتەتتى.

# چوڭ سىناق

ۋەسىجىنىڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئەسكىرى قوماندان، ئەمدىلىكتە بۇ بازاردىكى دىققەت تارتقۇچى پارلاق مەركەزنىڭ ئۆيىدىكى زېرەك ئوغلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. كىچىك مۇھەممەدنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ناھايىتى نۇرلۇق بولۇپ، تېخى ئايلىق بولغان بۇ بوۋاق دادىسىغا ناھايىتى زور ئۈمىدلەرنى بېرىۋاتاتتى. بالا بىر ھەپتىلىك بولغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ يەرنى تېشىپ ئۆتكۈدەك ئۆتكۈر نەزىرىنى كۆرگەن دادىسى ئايالىغا شۇنداق دېگەنىدى:

«ئانىسى، ئاللاھ بىزگە چوڭ بىر ئىمتىھان بەردى. دىققەت قىلغىن، بالىنى ھەرگىزمۇ تاھارەتسىز ھالدا ئەمدۈرمىگىن!»

كۈنلەر ئاستا ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، كىچىك مۇھەممەد تېز چوڭ بولۇۋاتاتتى. بۇ قوماندان بەزىدە قەستەن بالىسىنى نەچچە كۈن كۆرمەيتتى. ئاندىن ئۇنى ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنى ئۆلچەپ بېقىشقا ئۇرۇناتتى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچ شۈبھىسى قالمىدى. ئۇنىڭ كۆز نۇرى تىللاردا داستان بولىدىغان بىر ئىپادىگە چۆمگەن، مانا ھازىردىن باشلاپلا چوڭقۇر نەزەر سىپىلشلىرى، ئەتراپنى كۆزەتكەندە چوڭ ئادەملەردەك قاشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، لەۋلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمەللەشلىرى ئۇنىڭ ئۆمىلىمەي تورۇپلا سۆزلىگۈسى باردەكلا ئىپادە بېرەتتى.

بىر يىلدىن كېيىن كىچىك مۇھەممەدنىڭ تىلى چىقىشقا باشلىدى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭقىرىش ئۈچۈن، ئۆتكۈز نەزەردە سەپ سالاتتى، توختىماي سوئال سوراپتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تولۇق سۆزلەيتتى، ھازىردىن باشلاپلا تۇركچىدىكى بارلىق تاۋۇش ئاھاڭلىرىنى تولۇق چىقىرالايتتى. گەرچە ئۇ بېرىلگەن جاۋابلارنى تولۇق چۈشىنەلمىسىمۇ، ئەمما سۆز تۈگىگەنگە قەدەر سەۋر بىلەن ئاڭلايتتى. كۆپ ھاللاردا ئالغان جاۋابلىرىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ھەيرانلىققا چۆمەتتى. نارازىلىق ئازابىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىدى، بۇ ئەھۋال ئۇنى خىيالچان قىلىپ قويغانىدى. كىچىك مۇھەممەد ئۆمرى بويى داۋاملاشتۇرىدىغان ھەقىقى ۋە ئۇلۇغ يالغۇزلۇققا ھازىردىن باشلاپ كۆنۈۋاتاتتى. غەلىتە سوئاللىرىغا ئالغان يېتەرسىز جاۋابلار ئۇنى ئېخىمۇ ئۆز ئىچىگە بەند قىلىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋال دادىسىنى بىر تەرەپتىن ئەنسىرەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى كاتتا ئادەم بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۆزى ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمەيۋاتاتتى. ئوغۇل ئىككىنچى يېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ غەلىتە سوئاللىرى كۆپىيىپ، ھېچ تىنىم تاپمايدىغان ھالغا كەلدى، دادىسىدىن باشلاپ ئەتراپىدا كىملا بولسا ئۇنىڭدىن سوئال سورايتتى. يېشىدىن ھالقىغان مەسىلىلەرگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە قىزىقىشىنى ھېچ باسالماي، گۇمانى بىر شەخسىيەت

يارىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دادىسىدىن ئەڭ كۆپ سورىغان سوئالى:

«ئاللاھ كىم؟»

ۋەسىجنىڭ بۇ ھەربىي قوماندانى بۇ سوئاللارنىڭ ئادەتتىكى بىر كىچىك بالا سورايدىغان سوئال ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كونا جاۋابلارنى بېرىۋېرىشنى خالىمايتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق چوڭ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەلىسۇن؟ «ئاللاھ كىم؟» دېگەن سوئالغا چوڭلارنى قانائەتلەندۈرگىدەك بىر جاۋاب بارمىدى؟ ئۇلۇغ ياراتقۇچىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئېتىقاد بىلەن ئۆتكۈزگەن كۆپ يىللار كېرەك ئەمەسمىدى؟

بۇمۇ ئۇزلۇق ئوغلى تارخاننىڭ قىسمىتى، بەلكى ئەتراپىدىكى شارائىتقا كۆرە چەكلىك مەلۇماتى بىلەن ئوغلى مۇھەممەدكە تۆۋەندىكىدەك جاۋابنى بېرەلىدى:

— ئاللاھ بىزنى ۋە ھەر نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئوغلۇم...

— قانداق ياراتقان؟

— يوقتىن بار قىلغان.

— يوق دېگەن نېمە؟

— بار (مەۋجۇت) بولمىغان يوق بولىدۇ.

كىچىك مۇھەممەدنىڭ زەنجىرسىمان سوئاللىرى مۇشۇ تەرزدە داۋام قىلاتتى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ دادىسىنىڭ چارىسىزلىكىنى سېزىپ، توغرا چۈشەنگەن بىر ئىپادىدە جىمىپ قالىدىغان بولدى. «چوڭ بولغاندا چۈشىنىسەن» دېيىلگىنىدە، ساقلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى. بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭ روھىدىكى يالغۇزلۇق ئۇرۇقىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ ھازىردىن باشلاپلا قوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئويناشتىن زېرىكىش ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قۇرداشلىرى پۈتۈن سەبىيلىك ھالەتلىرى بىلەن بىر نەرسىلەرنى ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا ئۇرۇنغانلىرىدا، مۇھەممەد چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئۇلارغا بىردەم قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يايلاق تەرەپكە كېتىپ قالاتتى ـ دە، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈن بەك كەچ قالماي قايتىپ كېلەتتى، ئەمما ھەر قېتىم قايتقىنىدا بىرمۇنچە يېڭى سوئاللارنى ئېلىپ قايتاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگىنى يەنىلا ئانىسى بولدى. ياش ئانىنىڭ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن بەرگەن جاۋابلىرى گەرچە ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى خۇشال قىلاتتى. ھايات ۋە دۇنيانى ئانىسىنىڭ ساپ، سەممىي كۆزىدىن كۆرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتلىق، ئەمما زۆرۈر تەسەللى ئىدى. كىچىك مۇھەممەد ئانىچە ـ مۇنچە خاتالىقلارنى ھېس قىلالايتتى، ئەمما بۇ جاۋابلاردىن دەرھال يېتىرقىماي سەۋر بىلەن ئاڭلايتتى.

مۇھەممەد تۆت يېشىغا كىرگەندە، ئۇنىڭدىكى بۇ ئاجايىپ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۇنجى باسقۇچلۇق ۋەزىپىسى مەھەللە ئىمامىغا چۈشتى.

ۋەسىجىنىڭ ئەسكىرى رەئىسى ئوغلىنى بازارلىق مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۆگىنىدىغان كۆپ نەرسە بار دەپ قاراپ (ئەلۋەتتە توغرا ئويلىغانىدى). مۇھەممەدنى مەھەللە مەسجىدىگە ئوقۇشقا بەردى. مەسجىد ئىمامى موللا شەمسىدىن بۇ ئوقۇغۇچىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تونجى كۈنىلا بايقاپ، باشقا باللاردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ئۈچ كۈن ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا باشلىغان كىچىك مۇھەممەدكە «كىچىك ئاقىل» دېگەن يېڭى بىر ئۇنۋان بېرىلدى... تونىغانلارنىڭ ھەممىسى «تالانت ئىگىسى» دەپ قاراۋاتقان بۇ بالا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە موللا شەمسىدىن چېغىدا قىينىلىدىغان، يېشىدىن ھالقىغا سوئاللارغا كىرىشىشكە باشلىدى. يېڭى يادلىغان دۇئالىرىنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلەتتى، مەنا - يېشىم چۈشەندۈرۈشلىرىدە ئۇستازى قوللانغان تەبىرلەرنىڭ تېخىمۇ كەڭ، ئوچۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. موللا شەمسىدىن ئەڭ ياخشى چارىنى يەنىلا كېچىكتۈرۈشتىن تاپاتتى: «ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەرەبچە ئۆگىنىشكە باشلايسەن. ئۇ چاغدا ھەممە نەرسىنى ئۆزۈڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىسەن» دەيتتى.

بۇ كىچىك ئاقىل بەش ياشقا كىرگەن يىلى بازارلىق مەكتەپكە بېرىشقا باشلىدى. بۇ يەردىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك تېز سۈرئەت بىلەن بىلىم باسقۇچلىرىدىن ئاتلاپ مېڭىشقا باشلىغىنىدا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن دادىسى ئۇنى فارابقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. تۆت يىل داۋاملاشقان بازارلىق مەكتەپ ھاياتى

كىچىك مۇھەممەدنى خېلى ـ خېلى مولللار بىلەن ئوخشاش سەۋىيەگە يەتكۈزگەندى. توققۇز ياشتا بولسىمۇ، يۈكسەك ئىلىملەر بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن فارابقا يول ئالغان بۇ ئۆزى كىچىك، ئەقلى چوڭ مۇھەممەد ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئالىرى بىلەن قاناتلانغانىدى. يول بويى ئۇ ئۆزىنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدىغان ئۇستازلارنى تاپىدىغانلىقىنى ئويلاپ، چوڭقۇر خىياللار ئىچىدە ئۆزەتتى. بىللە ئېلىپ ماڭغان ئاقساقاللار ئۇنى مۇقەددەس ئامانەت دەپ قاراپ، فارابنىڭ ئەڭ چوڭ مەدرىسىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. دەسلەپتە بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ يېشىنى كىچىك كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەدرىسىگە ئېلىنىشىنى مەسخىرە قىلغاندەك بولدى. لېكىن، كىچىك مۇھەممەدنىڭ يول ھامىيسى مۇھەممەد بەگ ۋەسىج مۇپتىسىنىڭ يوللىغان بىر پارچە مەكتۇپىنى بەرگىنىدە، مەسخىرە ئورنىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. مۇپتى سالاھىددىن ئەپەندى مەدرىسىنىڭ باش ئۇستازىغا يازغان مەكتۇپىدا، بۇ بالىدىن خالىغانچە ئىمتىھان ئالسا بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىنى تۆۋەندىكى قۇرلار بىلەن بايان قىلغان:

«سىزگە كەلگۈسىنىڭ ئىلىم يۇلتۇزىنى ئەۋەتتىم. مەدرىسىڭىزدىكى بىلىم قۇياشى ئۇنى ئۆز لايىقىدا پارلىتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەنكى، يەتمىش يىل مابەينىدە بۇنداق ئەقىللىق بىر بالىنى كۆرمىدىم. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەن بىلەن ئوخشاش پىكىرنى سىلەرنىڭمۇ

ئورتاقلىشىدىغانلىقىڭلاردىن ھېچ شۈبھەم يوق.»

باش ئۇستاز كىچىك مۇھەممەدنى قارشىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سەمىمىي بىر ھاياجان بىلەن ئۇنى سىناپ بېقىشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم. نېمىلەرنى ئوقۇدۇڭ؟

— نەھۋى (سىنتاكسىس)نى پۈتتۈردۇم ئۇستاز.

— دېمەك، ئەرەبچە تىل قائىدىلىرىنى ئۆگەندىڭ؟...

ۋەسىجلىك بۇ ئالاھىدە بالا ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن سۈكۈتى ئارقىلىق «شۇنداق» جاۋابىنى بەردى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر زېھىنلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان باش ئۇستاز، ئەمدى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كۆپ نەرسە بىلىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما كېيىنچە ئۇنىڭدىن سورالغان سوئاللارغا كەلگەن جاۋابلار ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى.

ئۆزى كىچىك، ئەقلى چوڭ بۇ يىگىتنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى كىلاسسىك ئۇسلۇبتىكى يادلاشقا تايىنىشتىن پەرقلىق ئىدى. بالا قالتىس بولۇپ، سوئاللارغا كىتابتىكىنى نۇسخىلاپ قويغاندەك جاۋاب بەرمەيتتى. ھەتتا ئېنىقلىمىلارغىمۇ ئۆزىنىڭ ئىدراك - چۈشەنچىلىرىدىن رەڭ قوشالايتتى. ئۇ دەۋردە كۆپلىگەن تەرىقەت شەيخلىرىنىڭ ئەتراپىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان مول بىلىمگە ئىگە باللارنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلگەن باش ئۇستاز ھاياجانلىنىشقا باشلىغانىدى. قانداقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولمىسۇن ۋەسىجلىق مۇھەممەدنىڭ روھى رەھبەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئاتا قىلغان ئۆتكۈر زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن بۇ ھالغا كەلگەنلىكىنى ھەممە بىلىپ يېتەتتى. باش ئۇستاز ئۇنى دەرھال «ئالەت ئىلىملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەرەبچە تىل قائىدىلىرى ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ ئارىسىغا قوشتى. بۇ ئەھۋال دەسلىپىدە ياشتا ئۆزىدىن چوڭ بولغان ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا يېتىرقاش پەيدا قىلدى. كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلىدىغان بۇ فاراب شەھىرىدە كىچىك مۇھەممەدنىڭ «ئۇلۇغ» يالغۇزلۇقى مۇشۇ شەكىلدە تېخىمۇ كېڭەيمەكتە ئىدى. ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى يېتىرقاش بارا - بارا ھەيرانلىق ياكى ھەسەتكە ئۆزگىرىشكە باشلاپ، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭدىن كۈندىن - كۈنگە يىراقلىشىشقا باشلىغانىدى. تەكەببۇرلۇق بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان بىرخىل جىمغۇرلۇقتا ئۆزىنى تىڭشاشقا چۆككەن مۇھەممەد ئارىلاپ - ئارىلاپ باش ئۇستاز بىلەن مۇڭدىشاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ۋەزىيەت مۇشۇ بويىچە ماڭدى، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغانلارمۇ ئۇنى «تەكەببۇر» دېيەلمەي، پەقەت ئۇنىڭغا سارا ياكى غەلىتە دېگەندەك ئاتالغۇلارنىلا ئىشلىتەتتى.

ۋەسىجلىك بۇ ئوقۇغۇچىنى كۆپ كىشىلەر چۈشەنمەيتتى. دەرس سىرتىدىكى كۈندىلىك پائالىيەت پاراڭلىرىدا يا ھېچ نەرسە دېمەيتتى، ياكى سورالغان سوئاللارغا قىسقا ۋە كەسكىن جاۋابلارنى بېرەتتى. خۇددى كۈندىلىك ھادىسە

ۋە ئېھتىياجلار ئۇنىڭغا ھېچ ئالاقىسىزدەكلا ئىدى. دەرسكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا بولسا، ئادەتتىكى سۆزلەر بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، ساۋاقداشلىرى ئۇ كۇنگە قەدەر ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئاتالغۇلارنى ئىشلىتەتتى. بۇ كۆپىنچە ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئەنئەنىسىدە كۆرۈلىدىغان پەرق ئىدى.

# تىنماي ئۆگىنىش

دەرستىن سىرتقى كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى يايلاقتا ئۆتكۈزگەن مۇھەممەد، تەبىئەت ۋە چەكسىزلىك ھەققىدىكى تەپەككۇرلىرىدىن ئالغان زوقلىرىنى باشقا ھېچنەرسىدىن تاپالمايتتى. تەتىللەردە يېزا بازىرىغا قايتقانلىرىدا روھىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان خەتەرلىك ھەرىكەت ئارزۇسى بىلەن ئاتقا مىنىپ تاغلارغا قاراپ چاپاتتى - چاپتۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ دەم ئېلىش ۋە ساياھەتلىرىمۇ بىرەر دەرس ھېسابلىناتتى.

ئۇ ئىمكانقەدەر دىققىتىنى تارتقان نەرسىلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانمايلا ئۇنى بىر چەتكە قايرىپ قويمايتتى. مەسىلەن، ئۇ ئات چاپتۇرغاندا بەدىنىنىڭ زور مىقداردا ئېنېرگىيە قويۇپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ ھەقتە ئۆزىنى تەپسىلىي كۆزىتەتتى. تېز سۈرئەتتە ئات چاپتۇرغىنىدا، تېزلىك ۋە ئېغىرلىق ھەققىدە تەپەككۇر قىلاتتى. شامالنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈشىدەك ھەرىكەتلەرگە ئىلمىي بىر ئاتالغۇ ئىزدەيتتى.

ۋەسىجنىڭ بۇ كىچىك ئەقىللىق موللىسى بالاغەتكە يەتكەن ۋاقىتلىرىدا، فارابىتىكى بارلىق ئالىملارنىڭ ئۆزگە بېرەلەيدىغانلىرىنى بۇلۇت سۇ سۈمۈرگەندەك ئۆزىگە ئالغان ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنى پارلاق ئىلىم يۇلتۇزى

دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور بوشلۇقتا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، روھىنى تويغۇزىدىغان بىر ئىقلىم ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. بۇ ۋاقىتلاردا رايوندا ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىپ، ئىسلام ئېتىقادىدا مەيدانغا كەلگەن شاماللار(خاتا چۈشەنچىلەر) بىلىنەر - بىلىنمەس يالقۇنجاۋاتقان ئۇچقۇنلارنىڭ ئۇلۇغ ئوتقا ئايلىنىشىغا يول ئېچىۋاتقانىدى. ئەمدىلىكتە مۇھەممەد ئۆزىنىڭ بىلىم كۈچىنى ئۆلچەشنى، نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى ۋە مىجەز - خۇلق، مىزاجىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشنى بىلەتتى، ھەرقانداق بىراۋنىڭ رەھبەرلىكىسىزمۇ ئۆزىگە يول خەرىتىسى سىزالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇھەممەدنى كەلگۈسىدىكى كىلاسسىك ۋە پىشقان ئىسلام ئالىملىرىدىن بىرى بولۇشتىن توسۇيدىغان ئىزدىنىشلەرنىڭ مەنبەسىنىمۇ بۇ يەردە ئىزدەش كېرەك. ئىلىمدىكى بۇ قانائەتسىزلىك ئۇنى پەلسەپىگە ئېلىپ باراتتى.

مۇھەممەد ئىلىمنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىش شەرت بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ بۇ پىكرىنى دادىسىغا ئېيتقىنىدا، ۋەسىجىنىڭ ئەسكىرى رەئىسى بۇنىڭغا بەك ھەيران قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوغلىغا سۆزلىدى:

— يۇرتىمىزدا جاھالەت تۇمانلىرى يېيىلماقتا، بىز سېنى ئوقۇتقاندا ئىنسانلارنى ئىلىمنىڭ بىلەن ئاقارتىشىڭنى ئۈمىد قىلغانىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىلىمەن دادا، ئەمما مەن بىلىمسىزلىكىمنىڭ دەرىجىسىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلىۋاتقان بىرى، ئۆزۈمدە كىشىلەرگە ئۆگەتكۈدەك بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدىم ۋە ئېھتىياجلىق شۇ بىلىملەرنى بۇ ئەتراپلاردىن تاپالمايۋاتىمەن. مەن بىلگەن نەرسىلىرىمنى ھەركىم بىلىدىغان ئاددىي نەرسىلەردەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن ۋە ئۆزۈمنى قورقۇنچ بىر قۇرغاقلىق ئىچىدە ھېس قىلىۋاتىمەن. خوراسانغا بېرىش ئىشتىياقى مېنى ئولتۇرغۇزمايۋاتىدۇ، ئەللامىلەرنى تونۇش، ئۇلاردىن ئىلىم ئېلىش لەززىتى ئۇيقۇلىرىمنى قاچۇرىدىغان بىر ئارزۇغا ئايلاندى. سىزدىن كۈتىدىغىنىم دادا، مېنى ئاتنىڭ، ئىسلامغا ۋە ئىنسانلىققا ئاتىۋېتىڭ، بىر ئەۋلادىڭىزنى ئاتىغاندەك ئەمەس، بەلكى بىر مال - مۈلكىڭىزنى ئاتىغاندەك ئاتىۋېتىڭ، بېغىشلىۋېتىڭ دادا!...

ۋەسىجىنىڭ دىن ۋە ئىلىم ئاشىقى بۇ ئەسكەر دادا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، ئەمما ئوغلىدىن ئايرىلىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزسىلا يۈرىكى سىقىلىپ ئاغرىيتتى. ياش مۇھەممەد ئۇنىڭغا باشقا پەرزەنتلىرىدىن تولىمۇ پەرقلىق كۆرۈنۈپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن كاتتا نېمىتى دەپ بىلەتتى. بۇنداق بىر ئالاھىدە زېرەك، ئەقىللىق بىرىنىڭ يېنىدا داۋاملىق تۇرۇشنى ئېتىقادىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر ئالامەت دەپ ھېسابلايتتى. تارخان ئوغلى مۇھەممەدنى ئۆزىنىڭ دۇئالىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى دەپ قاراپ، ئۇنى ھەربىر كۆرگىنىدە كۆپ ھەمدۇ - سانا ئوقۇيتتى، بۇنىڭلىق بىلەن

ئۆزىنىڭ ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇھەممەد ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان بىر مۆجىزە ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن پەرقلىق بولغان ئاللاھ بەرگەن بۇ ئىدراك - ئەقىل كۈچى، كېلەچەكنىڭ ئىلىم داھىيسى بولىدىغان بۇ ياشنى داۋاملىق تاغدەك يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇلۇغ ئىبرەت تەشكىل قىلماقتا ئىدى. قىسقىسى مۇھەممەد دادىسى ئۈچۈن پەرزەنتلىكتىن ئارتۇقراق بىر بارلىق ئىدى.

— مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئوغلۇم! ئەقلىمۇ سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى توغرىغا چىقارماقتا، ئەمما كەل، كۆرگىن، قەلبنى كۆر، چۈنكى قەلب توغرىدىن بەكرەك سۆيگۈنىڭ. بەلكى ئاجىزلىقىنىڭ يېنىدا تۇرغۇچى... بەلكى ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز شەخسىيەتچىلىكىمىز تۈپەيلى سېنى قويۇۋەتمىگەندىمىز، ئەمما ئاللاھ بىلىدۇكى، سەن بىز ئۈچۈن جانلىق ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، بىزنى دائىم يۈكسەكلەرگە باغلاپ تۇرغان بىر مۆجىزە. قاچانكى ئۆلۈمنى ئەسكە ئالساق، چەكلىك ھاياتتا پانى ئىكەنلىكىمىزنى ئەسكە ئالىمىز ۋە قاچانكى سېنى كۆرسەك، ئاللاھنىڭ نېمىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئەسلەپ قەلبىمىزنى ساپلايمىز. سەن بىزنى كىبىردىن ساقلايسەن، ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايمەن: سەنسىزلىككە چىدىيالامىمىز، دەپ قورقۇۋاتامدۇق؟ نەتىجىدە ئايرىلىش ھەسرىتى بىزگە دىنغا خىزمەت قىلىشنى ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن غەيرەت قىلىشنى ئۇنتۇلدۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىزتىراپلار

ياش مۇھەممەد ئالىيجاناب ۋە چوڭقۇر خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. دادىسىنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان تەرىپلىرى ئۇنى تىترەتمەكتە ئىدى. بۇ تەرىپلەر بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان بىر قورقۇنچنى چىراق تۇتۇۋاتاتتى:

«ئەجىبا مەن پەقەت شۆھرەت قوغلىشىۋاتامدىغاندىمەن، قەلبىمنى ئۇرغۇتىۋاتقىنى باشقىلار يېتەلمەيدىغان بىر مەرتىۋىگە ئېرىشىش قىزغىنلىقىمۇ؟»

ئۆزىدىن تەكرار ـ تەكرار سورىغان بۇ تورلۇك سوئاللارنى يەنە ئەندىشە ئىچىدە ئەسلەپ، دادىسىغا شۇنداق دېدى:

— ماڭا دۇئا قىلىڭلار، بولامدۇ؟! ئىلىمگە بولغان بۇ قىزغىن تەشنالىقىم مېنى قورقۇتماقتا، زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ قەلبىمنى ۋە كاللامنى بۇلغاش ئەندىشىسى كېچىلىرى مېنى دىر ـ دىر تىترەتكەندە، دائىم سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارغا ئىشىنىپ ئۆزۈمنى تەسكىن تاپقۇزماقتىمەن.

بۇ چاغدا دادىسىمۇ ئۆزىنىڭ تىلغا ئالالمىغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ:

— قۇرئان كەرىمدىن يىراقلاشمىساڭلا ساڭا ھېچ ئىش بولمايدىغۇ...

بۇ ياش موللا چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئازغىنە سۈكۈت

قىلغىنىدىن كېيىن:

— قۇرئان كەرىمنى چۈشىنەلمەيۋاتسام، دادا، — دېدى. دادىسى چەكسىز ھەيرانلىق ئىچىدە:

— سەن چۈشەنمەيۋاتامسەن، — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، دادا. تەپسىرلەر بىلەنمۇ قانائەتلەنمىدىم.

— لېكىن تەپسىر ۋە ھەدىسنىڭ بايانلىرى ھاياتىمىز ۋە ئاخىرەتلىكىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا يېتىدۇ، بىز مۇشۇ بويىچە قوبۇل قىلدۇق ۋە ھېچ زىيىنىنى كۆرمىدۇق.

— شۇنداق، بۇگۈنگە يېتىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىم ئەتىلەر ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىم ھاياتىمىز ۋە ئاخىرىتىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى مېڭىمىزنىمۇ تەرتىپكە سالىدۇ. لېكىن بۇ قانداق، قايسى شەكىلدە بولىدۇ؟ بۇنى قەيەرلەردە سۆزلەيدۇ؟ بىلمەمدۇق، ئىزدەنمەمدۇق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەكتى
www.uyghurkitap.com

# ماددى ۋە پىكرى ئايرىلىش

مانا بۇ نۇقتىدا دادا ـ بالا ئارىسىدا يول پەرقى شەكىللىنىدۇ. ئەسلىدە بۇ فارابىي بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى ئارىسىدىكى پىكىر پەرقى، ئەمما ھازىرقىسى بولسا، جانلىق بولغان دادا ـ بالا ئارىسىدىكى پەرقلىنىش ئىدى. دادىسى تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت بىلەن ئەندىشىگە تولغان ھەيرانلىق ئىچىدە ئوغلىغا قارىماقتا، ئوغلى تەرەددۇت ۋە تەپەككۇر بېسىمى ئىچىدە شۈبھىگە تولغان ئىنتىلىشىدە دادىسىغا ئېگىلمەكتە. ھەر ئىككىسى قارشىسىدىكىگە ئۆز شەرتلىرىگە كۆرە ھۆرمەت كۆرسەتمەكتە، ئەمما ئوخشاش بىر پوزىتسىيەنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئايرىلىشقا ھازىرلىناتتى. ماددىي ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، ھېس ۋە چۈشەنچە ئايرىلىشى ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتماقتا ئىدى. لېكىن بۇ ئايرىلىشتا ئاغرىنىش يوق، ئاخىرقى سۆزلىشىش ھەر ئىككىسىگە بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇرغانىدى. ۋەسىج بازىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ كاتتا پەرزەنتىنى ئۇزۇن سەپەرگە ئۇزىتىش ھارپىسىدا ئىدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلاشقاندا، ياش مۇھەممەد بازاردىكى بارلىق چوڭلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى بىر ـ بىرىدىن يوقلاپ، ئۇلاردىن رازىلىق ئالدى. كېچىگىچە

داۋاملاشقان بۇ يوقلاشنى توگمتىپ ئۆيگە قايتقىنىدا، ئانىسى يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— مەن بىلەن كۆڭۈلسىز هالەتتە خوشلاشماقچىمۇسىز، جېنىم ئانا؟

— مەندە قايسى كۆڭۈل بولسۇن، ئوغلۇم؟

— ياق ئانا، مەن كۆڭلۈمنىڭ بۇ يەردە قېلىشىنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن، سەن بۇنداق يىغلىساڭ مەن هەرگىز كۆڭلۈمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭالمايمەن. كۆڭلۈمنى بىللە ئالالمىسام، يولغا چىققان بۇ سەپىرىمدىن ماڭا نىمە خەير كەلسۇن؟!

كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقان بۇ ئانا ئوغلىغا ئۆزۈندىن - ئۆزۈن سەپسالغاندىن كېيىن، ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— باشقىلار ساڭا هەسەت قىلىدۇ، كۆزى كىچىكلىك قىلىدۇ، ئوغلۇم. ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمنى ياخشىلىق دەپ هېس قىلالىسام كاشكى!

— خەيرلىكتۇ ئىنشائاللاھ، جېنىم ئانا؟

— خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. بىر تۆگە بىلەن ئۇچۇۋاتاتتىڭ ئوغلۇم. بىر يەردە گوياكى بىر ساراي باردەك، سەن ئۇ يەرگە بارماقچى بوپسەن، تۆگىنىڭ قاناتلىرىدا خەتلەرنى، چوڭ - چوڭ ئىشارەتلەرنى كۆردۈم، قۇرئان كەرىمنىڭ خېتىغا ئوخشمايتتى. ئاندىن قاناتلار بۇ خەتلەر بىلەن تىلىنىپ يىرتىلىشقا باشلىدى، تۆگىمۇ چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئويغىنىپ كەتتىم.

مۇھەممەد داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. گويىاكى ئۇ بۇ چۈش ئىپادىلىمەكچى بولغان خەتەرنى بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېس قىلغاندەك قىلاتتى. ئانىسىغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— تەقدىردە پۈتۈلگىنى نېمە بولسا شۇ، جېنىم ئانا.

ئانا بۇ ھەقتە داۋاملاشتۇرمىدى. ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پەرىشان قىلماسلىق ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچاتتى. ھەتتا پۈتۈلگەن بۇ ئايرىلىش ئالدىدا چۈشىنى ئوغلىغا ئېيتقانلىقىغىمۇ پۇشايمان قىلدى. مۇھەممەد خۇپتەن نامىزىغا يېتىشىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى.

......

خېلى كەچكىچە دادىسى بىلەن مۇڭداشقان مۇھەممەد، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى قايتىدىن ئويلاشقا باشلىدى. كىچىكىدىن باشلاپ ئىلھامدىن بەكرەك مۇھاكىمىگە ئەھمىيەت بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىغا قارىماي، ئانا يۈرىكىگە چۈشكەن ئۇ ئەنسىزلىككە پەرۋا قىلماسلىققا شۇنچە تىرىشسىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى. ئۇ دائىم ئۆزى كۆرگەن چۈشلەرگە ئېتىبار بەرمەي، ئەكسىچە باشقا قەلبى پاكىز دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇدا ئىشارەت - بېشارەتلەر ئالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. فارابىيغا كۆرە ئىلىم - بىلىم يولىدا يېتىشكەنلەرگە ئىلھام يولى بىلەن ياردەم قىلىشقا بولمايتتى، ئەكسىچە ئەقىل

ۋە بىلىم نىيمىتى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەنلەر پەقەت چۈشلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىناتتى. ئىلھام ئالىملار ئۈچۈن تۇزاق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىرىنى ھېس قىلالايدىغان پىشقان ئىنسانلار «ئاقىلانىلىك» دېگەن يول باشلىغۇچىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرىكەت قىلالاتتى. ئۇلار ئۈچۈن چۈش ۋە ئىلھامنىڭ چوقۇم بىر قىممىتى بار. مۇشۇنداق قارىغىنى ئۈچۈن ئۇ ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئۆزى كۆرگەن بولسىدى، بۇنچە ئويلىشىپمۇ كەتمىگەن بولاتتى. ئەمما بۇ يەردە چۈشنى كۆرگۈچى ئىلھام ياردىمى ئالالايدىغان بىرى. ھەم بۇ يەردىكى ئوبيېكت ئۆزى. بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ئىشلار مۇرەككەپلىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئانىسى ئۈچۈن ئۇ چۈشكە ئېتىبار بېرىشنى توغرا دەپ قارىغان بولسا (ئىلگىرىكى قانائەت كەلتۈرگەن تەرەپلىرى ئەلۋەتتە ئۇنى تەقەززا قىلىدۇ). ئۇ ھالدا ئىشنىڭ ئاخىرى ئۆزى ھېلىقى خەتەرگە يولۇققانغا قەدەر بارىدۇ. بۇنداق بولغىنىدا. ئەقىل ۋە بىلىم ساھىبى بولغانلار چۈش ۋە ھەرخىل ئىلھام مەنبەلىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. دېگەن كۆز قارىشى ئاغدۇرۇلىدۇ.

ياش مۇھەممەد تاڭغا قەدەر ئۇخلىيالمىدى. ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا باراي دېگەندە ئەزان چىقتى ـ دە، ئۇ ئىرغىپ قوپۇپ تاھارەت ئېلىپ، مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. نامازدىن كېيىن قايتىدىن ئۇخلىمىدى. سەپەر ۋاقتى كەلدى، ۋەسىج ئاھالىسى تولۇق ئويغانمىغانىدى. ئۇ دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ،

فارابقا قاراپ يول ئالدى.

فارابتا ئۆزى ئوقۇپ يېتىشكەن مەدرىسىدىكى ئۇستازلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇڭداشتى. مەقسەت بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن بۇخاراغا قاراپ ئاتلىنىش ئىدى. فارابتا بىر موللا ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاچ بىر تەرەپتىن بۇخاراغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن باغداتقا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئۆزىگە يېقىن بىر مۇھىم راق كىشىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئەمما بۇ ئىككىنچى ئىشىدىن بىرەر نەتىجە ئالالمىدى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقتى.

بۇخارا ۋەسىجلىك بۇ ياش ئالىم ئۈچۈن يېڭىچە بىر ھايات ئىدى. ھەر ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بۇخارا يەنىلا ئىلىم ۋە تەسەۋۋۇپ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بىر تەرەپتە زامانىسىنىڭ ئەڭ كاتتا فەقىھلىرى مىڭلىغان ئىلىم ئاشىقى ياشلارنىڭ مېڭىسىنى تولدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتە ۋەلىلەر مىڭلارچە دەرۋىشلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېرىتمەكتە ئىدى.

فارابىي بۇ يەردە بىر مەزگىل ئوخشىمىغان ئالىملاردىن دەرس ئالدى، ئەمما تەسەۋۋۇپقا پەقەتلا يىراقتىن نەزەر سېلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. بىر - ئىككى شەيخنىڭ سۆھبەتلىرىگە بارغان بولسىمۇ، ئەمما تولۇق بىر قايىللىق ۋە ھەيرانلىق قوزغىيالمىغاچ قايتا داۋاملاشتۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارىمىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا نەجەف ۋە بۇخارادىكى شىئەلەر قوزغىغان

ئىنسانلار سىياسىي مۇقىملىق بىلەن بىرگە دىنىي بىرلىكنى ئېغىر دەرىجىدە زېدە قىلىپ، مۇسۇلمانلار زېھنىيىتىدە چوڭقۇر داۋالغۇشلارغا يول ئاچقانىدى. مەزھەپ توقۇنۇشىنىڭ بۇنداق ئېغىر ھالغا كېلىشى ياش فارابىنىمۇ دىلىغۇللۇققا سېلىپ قويىدى. يېزا - بازارلاردا تارقىلىپ كېڭىيىشكە باشلىغان، بارغانچە سۈننىيلىكتىن تولۇق قېيىپ - ئاجرىلىپ چىققان شىئە مەدەنىيىتى، پەرقلىق دۇنيا قارىشى بىلەن ئىسلامىي بىرلىكنى يارا قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن كېيىن يېڭىدىن بىر پەلسەپۋى قالايمىقانچىلىقنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە. سۈننىي مەزھەپ پىرىنسىپلىرىدىن ئۇ ياكى بۇ سەۋەبلەر بىلەن قاچقانلار سىياسىي قۇتراتقۇلۇقلارنىڭ تەسىرىدە ئىسلامغا ئىككىلىنىش نەزىرىدە قاراشقا باشلىدى. سۆيگۈ ۋە نەپرەت رادىكاللىقلىرى ئەمدىلىكتە بىر - بىرىنى «كاپىرلىق» بىلەن تۆھمەت قىلىشتەك قىزىل سىزىققا يەتتى. ھۆر - ئەركىن چۈشەنچىلەر زامان - زامان ھېسسىي ئامىللار ۋە بەزىدە پەقەتلا سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەقلىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ سىرتىدىن رىتسىپ ئىزدەشكە ئادەتلەندۈرمەكتە ئىدى. فارابىي مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەت ۋە مۇھىت ئىچىدە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە قالايمىقانچىلىقىغا چارە ئىزدەيتتى. مۇسۇلمان دەپ قارالغان نۇرغۇن بىلىملىكلەرنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەت ھەققىدە بۇنداق ئىختىلاپ ۋە ئايرىلىشقا چۈشكىنىگە كۆرە، بۇ ئىككى مەنبەنىڭ سىرتىدا قانداق بىر ھەل

نۇقۇل كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ئاچقۇچى تېپىش مۇمكىن؟ بۇ ئاچقۇچ ھەم قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ سىرتىدا بولىدۇ ھەم ئۇلارغا قارشى كەلمەيدۇ ۋە ئىسلامىي ئۇسلۇبنى تەشكىل قىلىدۇ...

بۇ تۈردىكى ئىزدىنىش ۋە چۈشەنچىلەر بۇخارادىكى ۋاقىتلىرىدىلا فارابىيدا ئەقلىيچىلىكنىڭ تۇنجى يالقۇنجىسىنى تۇتاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئەمدى ئۇ قۇرئان ۋە سۈننەت، ئۇممەتنىڭ ئىجماسى، فەقىھلەرنىڭ قىياسى قاتارلىق تۆت ئاساسىي مەنبەنى ئەقىل بىلەن كېلىشتۈرۈپ، ئىختىلاپلارنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە تولۇق ئىشەنمەكتە ئىدى. ھازىردىن باشلاپلا بۇ ھەقتە ئۆزىنى قايتا - قايتا سىنىدى، سۈننىيلەر بىلەن باشقا تەرەپلەر ئارىسىدىكى بىر قىسىم چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ، ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە ھازىردىن باشلاپلا، بىلىم (بىلگە) تۈرلىرى بىر - بىردىن توغرا پەرقلىنىپ، مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ باھالانسا، تۈرغۇن پەرقلىق چۈشەنچىلەر ئەمدى دۈشمەنلىكنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۈمىدۋارلىقىنىڭ سەۋەبى بىرسى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى بولسا، يەنە بىرى، بارلىق بۇ قالايمىقانچىلىققا سىياسىي قۇترىتقۇلۇقلارنى قاتمىغانلىقى ئىدى.

قىسقىسى، گەرچە فارابىي تېخى پەلسەپە ئوقۇپ باقمىغان ۋە ئىسلامدا پەلسەگە ئېھتىياج تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋەزىيەت ۋە ئۆزىدىكى ئەقىل -

پاراسەتنىڭ تؤرتكىسىندە مەلؤم دەرىجەدە پەلسەپە بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەلسەپە بىلەن تونۇشۇش

دەل مۇشۇ پەيتلەردە ئۇ ئۆزىگە ئامانەت قىلىپ قالدۇرۇلغان قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى مۇجەسسەملەنگەن بىر قىسىم كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلدى. بۇ چاغقا كەلگۈچە ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى ھېچ قىينالماي ئاسانلا چۈشىنەلىگەن بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل، بۇ قېتىم ئاز بولسىمۇ قىيىنچىلىققا يولۇقتى، بۇ قىيىنچىلىق ئۇنىڭغا: «ھەببەللى، مەن دېگەن بىلىم مانا بۇ» دېگۈزدى.

ھازىرغا قەدەر ئوقۇغان كىتابلىرىدا بۇ ئەسىرلەردىكى مەسىلىلەرنىڭ ئوخشىشى ھېچ يولۇقمىغانىدى. بىر قاراشقا بۇ ئەسەرلەردىكى مەسىلىلەر ناھايىتى كېرەكسىز، ئەھمىيەتسىزدەك تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەققىدە ئويلىنىش ئارقىلىق ئاساسىي تەپسىلاتلاردىن كائىناتنى چۈشىنىدىغان بىر مەرىپەت چىقىرىش ئىشەنچىنى كۆچلەندۈرمەكتە ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردىكى قىيىنچىلىقلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ تۈردىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىش ئۇنىڭغا بۇرۇنقى ئوقۇشلىرىدىنمۇ بەكرەك زوق بېرىدىغان بولدى. ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان بىرەرىنىڭ بۇنداق مەزمۇنلارغا قىزىقىپ قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۇنىڭغا سۆيۈنچ ئارىلاشقان غۇرۇر ھېس قىلدۇردى.

ۋەسىجلىك بۇ «كىچىك ئاقىل» كېيىنچە ياش

مۇھەممەد دەپ ئاتالغان، ئەمدى بۇخاراغا كەلگىنىدىن كېيىن فارابىي دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن چىققان يالغۇزلۇقى داۋاملىشىپ باردى. ئەتراپىدىكىلەر فارابىينىڭ ئۆزلىرىدىن پەرقلىق چۈشىنىشى ۋە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى كىبىرلىك ھېسابلىماي، پەرقلىق قاراش ۋە مۇھاكىمە ئۇسلۇبىغا باغلاپ چۈشىنەتتى. ۋەسىجدە ۋە فارابتا يېرىم ساراڭدەك بىلىنگەن جىمغۇرلۇق ۋە ئىچىگە بېكىنىش، بۇخارادا ئاز ـ تولا بولسىمۇ «پىكىر زاھىتلىقى» دەپ ھۆرمەتلىنىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە بۇ يەردىمۇ فارابىيغا ھەسەت قىلىدىغانلار يوق ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تەنقىد قىلغۇدەك تۈزۈك باھانە تاپالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئۇلار نە فارابىينىڭ ئاڭ ۋە چۈشىنىشىدىكى پەرقلەرنى ئەيىبلىگۈدەك چۈشىنەلەيتتى، نە ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىن بىرەر قۇسۇر تاپالايتتى. فارابىي كىچىكىدىن باشلاپلا يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك يېتىشكەن بالا. يۇقىرى زېھنى قۇۋۋەتكە ئىگە بالىلارنىڭ ياشلىق دەۋرى ۋە ھەتتا پىشىپ يېتىلگەن يېشىدىمۇ خالىي بولالمايدىغان تەنتەكلىكتىن ئۇنىڭدا ئەسەر يوق. بۇنداق يۈكسەك ئەقىلگە ساھىب بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلىق دەۋرگە كەلگەندە، مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ئۇلارنى دەرىجىدىن تاشقىرى شەخسىيەتچىلىككە يېتەكلەپ، ئۇستىگە يامىشىش، بەسلىشىشلەرگە ئېلىپ باراتتى. بىر تەرەپتىن قارىسا ئۆزلۈكتەك كۆرۈنىدىغان بۇنداق بىر كېسەلدىن خالىي بولغان فارابىي ھېچ

بىر ۋاقىت ئۆتكۈر زېھنىنى بۇنداق خەتەرلىك يوللارغا سەرپ قىلىمىدى، دېمەك، ئۇنى زاماندىشىلىرىدىن پەرقلىق چۈشەنچىلەرگە ئېلىپ بارغان نەرسە «تۇنجى» بولۇش ياكى «ئەڭ ئۇستۇن» بولۇش ئەمەس ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، كاللىسىغا مۇشۇنداق خىياللار كەلسىمۇ، كەسكىن ھالدا ئىچىگە سىلىپ يىغىشتۇرۇۋېتەلەيتتى. دائىملا بىر قانائەتسىزلىك ئىچىدە كۆرۈنگەچكە، ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى كېيەل بىر روھنىڭ تىركىشىشى دەپ قوبۇل قىلغانلارمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە شۇنداق قاتتىق بىر ئاغرىق باركى، ھەرقانداق ئۆتكۈنچى بىر ھەۋەس ئۇنى بىر ئاز بولسىمۇ راھەتلەندۈرەلمەيتتى. ياش ئىدى، كېلىشكەن ئىدى، يىگىتلىك جۇشقۇنلۇقى ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئەمما نە ئەمەل - مەنسەپ، نە تويماس شەھۋەت ئۇنى ساپ ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن توسۇپ قالالمايتتى.

بۇخاراغا كەلگەنگە قەدەر ھېچكىم فارابىينىڭ يالغان سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ باقمىغان، نە قەدەر كۆشكۈرتىلسىمۇ ھېچ بىراۋنىڭ زىيىنىغا سۆز قىلمايتتى. يول يۈرگەندە دائىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭاتتى، كۆز قاماشتۇرغۇچى گۈزەللەرنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن ھەق يولىدىن ئازمايتتى. ھالبۇكى، فارابىينىڭ ئىلگىرى - كېيىنكى ئالىملار ئىچىدە ھېس - تۇيغۇ جەھەتتە ئەڭ جۇشقۇنلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق ئىدى. قەلبىدىكى يۈكسەك دولقۇنلار يۈز - كۆزىدىن ئاسانلىقچە بىلىنىپ تۇرمىغاچقا، كۆپىنچىلەر ئۇنى پەقەتلا چۈشىنىش - مۇھاكىمىگە بەند ئىنسان

دەپ قارايتتى. فارابىمۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى شۇنداق ئويلىشىدىن راھەتسىزلىك ھېس قىلمايتتى ۋە ئېتىقادلىق بىر دىنىي ئالىمنىڭ دائىم ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى مۇھىم دەپ بىلەتتى. نېمىشقىكىن، ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ تاغلارغا، يايلاقلارغا بېرىپ گۈزەل تەبىئەتكە ناخشىلار ئېيتاتتى. قەلبىدىكى چوڭقۇر سەنئەت مەنبەسى ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىغا بىردىنبىر ھەمراھ ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئاددىي قول ھۈنەر ئىشلىرىغىمۇ ماھىر بولغان فارابىي، كىچىك پىچىقى بىلەن ھەرخىل ئويۇنچۇق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياساپ ئوينايتتى. شۇنداقلا، ئۆزىدىن ئىلگىرى ھېچكىم بىلمىگەن ھەرخىل ئاۋازلارنى چىقىرىدىغان كىچىك چالغۇلارنى ياساش، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. شەھەرگە كىرگەنگە قەدەر قەلبىدىكى مېلودىيەلەرنى چېلىپ، تۇيغۇسىدىكى مۇزىكىنى تاپقانغا قەدەر چالىدىغان تال نەيلەرنى ياسايتتى. بۇ تۈردىكى ئويۇنلار بىر تەرەپتىن ئۇنى ئارام ئالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مۇزىكا بىلىمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق بولاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتاقلىق ئالىم بولغۇسى فارابىي، ھازىرغىچە ھېچكىمدىن دەرس ئالماي تۇرۇپ، مۇزىكا ساھەسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىۋاتاتتى. بەزىدە يېڭى ياسىغان چالغۇلىرىنىڭ چىقارغان ئاۋازلىرىنىڭ پەرقى ھەققىدە سائەتلەرچە ئويلىنىپ، ماتېماتىكىلىق ئىپادىگە چۈشكىدەك قائىدىلەر ئىزدەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ۋە پەقەت يالغۇز قالغانلىرىدىلا قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇ بۇ تۇردىكى كۆڭۈل ئېچىشلارنى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ سەۋەب بىلەن نۇرغۇن ئۇششاق - چۈششەك گەپ - سۆز پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىر قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنگەن بۇ ئىزدىنىشلەر ئەسلىدە، ناھايىتى چوڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەرنىڭ يىلتىزى - باشلانغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆپىنچىلەر بىلمەيتتى. فارابىي ھازىرچە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بىر دىنىي ئالىم ۋە ئازراق پەلسەپە بىلىدىغان كىشى دەپلا تونۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

# كۈتۈپخانىلارنى كېزىش

فارابىي بىر قانچە يىل بۇخارادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملارنىڭ دەرسلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى. ئەگەر ئۆزى بىلمەيدىغان بىرەر نەرسىنى بىلگۈچى ئۇچراپ قالسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىلمىگىنىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ پەقەت ئەللامە ـ ئالىملاردىنلا ئەمەس، كارۋانلاردا ئۇچراپ قالغان يوپلاردىنمۇ بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇ «ئىلىم خىتايدا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆزىنىڭ ئىلىم يولىدىكى تەلىماتى قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپالىق، خەتەرلىك يول بولسىمۇ ئاتلىنىشقا ھەر زامان تەييار ئىدى. لېكىن ئۇ يەنە بىر مەزگىل بۇخارادا قېلىپ، بۇيەردىكى بىلىم خەزىنىلىرىنى توپلاشنى قارار قىلدى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئالدىغا كەلگەن بەزى پۇرسەتلەرنىمۇ رەت قىلىپ، ئىزدىنىشىنى داۋاملاشتۇردى. بەلكى ئۇ قايتا يېنىشى بولمىغان بۇ ئايرىلىشنى بىر ئاز بولسىمۇ كېچىكتۈرۈۋاتقاندەك ئىدى.

بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ماتېماتىكا بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشقان فارابىي، شەھەردىكى كۇتۇپخانىلاردا مەۋجۇت بولغان بارلىق كىتابلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، مۇھىم دەپ قارىغانلىرىنى تەرتىپ بويىچە ئوقۇپ، كۆپىنچىلىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەزىلىرىنى تېخى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ تەتقىق قىلغانلىقتىن يادلىۋالغانىدى.

ئۆگىنىشتىكى بۇ خىل زىچ ۋە تىرىشچان ھاياتنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەن فارابىي، زامانىدىكى نۇرغۇن ئالىملار بىلەن بويي تالاشقۇدەك مول ئىلىم سەۋىيەسىگە يەتكەن، ئەمما ھېچ ئۆزىنىڭ تەكتۇشلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە چۈشەلمەيتتى.

شۇ سەۋەبدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى تولۇق ھەل قىلغۇدەك مائاش بىلەن ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمەت تەكلىپلىرىنى چىرايلىقچە رەت قىلاتتى. ئەگەر بەزىدە بۇنداق تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىپ قالسىمۇ، ئۇنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمايتتى. ۋەسجلىك بۇ بۇيۇك تالانت ئىگىسى ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى تولۇق ئەسلىيەلەيتتى. ئۆزى ئۇچۇن ناھايىتى ئاسان، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن تۇنجى ئوقۇش يىللىرىنى ئەسلىگىنىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاسان مەزمۇنلارنىمۇ چۈشىنىشتە قېيىنلىشىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىگە چۈشەلمىگەنلىكتىن ئۆزى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يولغا سېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. فارابىي زامانىسىدىكى نورمال زېھنىگە ئىگە بالىلار ئۇچۇن ئىلىپ بېرىلىۋاتقان ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى ناھايىتى ئاددى دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇزۇنغا بارماي ئۇ بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى بىلىپ يېتەتتى، زامانىسىدىكى باشقا ئەقىللىق بالىلارنىڭ نورمال، ئەمما ئۆزىنىڭ نورمالسىز ئىكەنلىكىنى قوبۇل

قىلاتتى. لېكىن بۇ قوبۇل قىلىشىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا سۆزلەپ چۈشەندۈرەلەيدىغان بىر ئۇستاز بولۇشىغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ھاياتتا سانسىزلىغان روشەنلىكلەر بار بولۇپ، ئىزاھلاشقا ئېھتىياج بولمىغان بۇنداق بىلىملەرنى ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭ سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش لەززەتسىز بىر ئىش ئىدى. ھالبۇكى ئۇ بىر - ئىككى نەسىل كېيىنكى باللارنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسە بىلەلەيدىغانلىقى، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدىن كېيىن، مەكتەپكە كەلگىچە خېلى يۇقۇرى چۈشىنىش سەۋىيەسىگە يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. فارابىيغا بۇنداق ئۇمىد بېغىشلىغان ئىشلارنىڭ بىرى، ئىسلامغا يېڭى كىرگەن مىللەتلەرنىڭمۇ يۇقىرى ئىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىغانلىقى ئىدى. لېكىن ئۇ بىر قانچە نەسىلدىن كېيىن كەلسىمۇ، يەنىلا ياخشى بىر ئوقۇتقۇچى بولالمايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇ تەرىپىنى ئىنكار قىلمايتتى، ئەكسىچە ماختىنىدىغان بىر ئىش دەپمۇ قارىمايتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئۇستازى بولالايتتى، بۇنى ئۆزىمۇ ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەك ئاز نەرسە بىلگەن ياكى ھېچ نەرسە بىلمىگەن كىشىلەرگە ئۇستازلىق قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، پەقەتلا يېزىشنى ئۆزىگە غايە قىلغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۇنجى ئەسەرلىرى

فارابىي ياشلىق يىللىرىنى بۇخارا ۋە ماۋەرائۇننەھىردە ئۆزلۈكسىز بىلىم ئېلىش بىلەن داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭدەك، بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسەرلىرىگە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ بۇ خىزمەتلىرىنى ھېچكىمگە دېمىدى، چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىغا ئۆزى ئىشىنەلمىگەچ ئۇن - تىن چىقارمىدى. ئەگەر بۇنداق قىلمىغان بولسا ئىدى، يا ئۆزىگە يۈك بولغان بۇ ئەسەرلىرى ئەكسى غۇلغۇلا قوزغاپ، ماددى قىيىنچىلىقلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولاتتى، ياكى شۇ ۋاقىتتىكى ئېتىبارلىق، باي كىشىلەر تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولغان بولاتتى. بۇ ھالدا ئۇنىڭ ھەم ئۆگىنىش ھاياتىغا ئاسانلىق تۇغۇلاتتى ھەمدە يېڭى ئەسەرلەر روياپقا چىقارماق ئۈچۈن يولغا چىقىدىغان ساياھەتلىرىگە خاتىرجەم يول ئېچىپ، ئەتراپتىكى مۇناسىۋەتلىرىنى بۇنىڭغا قارىتا تېخىمۇ كېڭەيتەلەيتتى. ئۇ بۇ ئىككىنچى ئېھتىماللىقنى يىراق سانىمايتتى، پەقەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغاچقا ئۇلارنى پۈتكەن ئەسەر ھېسابلىماي، پەقەتلا ماتېرىيال سۈپىتىدە كۆرەتتى. كېيىنچە باغداتقا بارغىنىدا روياپقا چىقىرىدىغان بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ياشلىق دەۋرىدە قالدۇرغان مانا مۇشۇ ماتېرىيال ئەسەرلەردىن ئۆز يىلتىزىنى تاپقان.

باغداتقا بېرىش... فارابىي دائىم بۇنى خىيال قىلاتتى. خىلاپەت مەركىزى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلىم مەنبەسىدە دولقۇنلاش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى ئىدى. ئەمما ئىككى سەۋەب ئۇنىڭ بۇ يولنى ئېلىشىنى داۋاملىق كېچىكتۈرۈۋاتاتتى: بىرى، باغداتقا تامامەن تولغان ھالەتتە بېرىش ئۈچۈن ئەتراپىدىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش قارارى؛ ئىككىنچىسى، سىياسىي ھادىسىلەر سەۋەبلىك بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقى ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىككى تەرەپتىن بولغان تەرەددۇتلىرى ئازىيىشقا باشلىدى. ئەمدى تۇرۇۋاتقان رايوندا ئۆزى ئۆگەنگۈدەك كۆپ نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا، سىياسىي ئەھۋاللارنىڭ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلغۇدەك دەرىجىدە بولماسلىقىمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا چوڭ بىر توسالغۇ بولۇپ كۆرۈنمەيدىغان بولدى. ئەسلىدە بۇ ئىككىنچى سەۋەب ئۇنىڭ شەخسىي قايغۇسى سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى باغداتتا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سىياسەتچىلەر ئالدىدا شەخسىيىتىنى قوغدىيالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغان بەزى سۆزلەر ئىدى. مانا بۇ سەۋەبلەر ئۇنى ئۆز ئارزۇسىدىكى يەرگە بېرىشتىن سوۋۇتاتتى. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەلگەن - كەتكەنلەردىن ئاڭلىغان ئەھۋاللار، بىر قىسىم چوڭ ئالىملارنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ مەيدانى ۋە شەخسىيىتىنى ھەركىم - ھەر تەرەپكە قارشى قوغدىيالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مانا بۇ ئەھۋال فارابىي

ئۇچۇن يېتەرلىك ئىدى.

زامانىسىنىڭ ئەدەبىيات تىلى ھېسابلىنىدىغان پارس تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بۇ كۆنلەردە ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى يېڭى بىر پۇرسەت كەلدى. يەنى ئۇ قەدىمكى يۇنان تىلىنى ئۆگىنەلەيتتى. بۇ پۇرسەت ئۇنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنى يەنە بىر قېتىم كېچىكتۈرۈش سەۋەبلىرىنى ھازىرلاشقا يېتەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ پۇرسەتتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە قەدىمكى يۇنان تىلىنى شۇ دەرىجىدە ئۆگەندىكى، كېيىنكى ئەسىرلەردە بۇ تىلنىڭ ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرى ۋە نازۇك تەرەپلىرىگىچە بىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەلۇماتلىرى بىلەن ئىلىم ھەۋەسكارلىرىغا يەنە مەشئەل تۇتاتتى.

بۇخارادىن باشقا، بەلخ، ھىرات ۋە سەمەرقەندلەردە ئارىلاپ يۈرۈپ تۇرلۇك ئالىملاردىن ئىلىم تەھسىل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان فارابىي، مەھەللە شېۋىلىرىنىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىشكە تىرىشىۋاتاتتى.

# ئىلىم سەپىرىدىن قايتىش

ئۆز يۇرتى، شەھىرى، يېزا - بازىرىدىن يىراقتا كەچۈرگەن تۆت - بەش يىل جەريانىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ يۇرت ھەسرىتى تۇيەيلى ئائىلىسىگە قايتىپ تۇرۇۋاتقان فارابىيغا ھەر قېتىم قايتقىنىدا، ئاتا يۇرتىدا قازىلىق قىلىش تەكلىپى ھەر قېتىمقىدىن بەكرەك تەكرارلىنىپ تۇردى. دادىسىنىڭ ئىمكانلىرى بىلەن ياقا - يۇرتلاردا كەچۈرگەن تەھسىل ھاياتى ۋە ئىلىم سەپىرى ئۇنىڭ قېيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى. ئەمما دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن. ئۇ ئارزۇسىدىكى باغداد سەپىرىنى ئۇزۇن بىر مەزگىل توختىتىشى كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەمدى ھايات مەسىلىلىرى، قېيىنچىلىقلىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەتراپىدىكى داڭلىق مۇۋاپىق بىر مەدرىسىگە سولىنىپ، ئىلىم سۆيەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تەھسىل ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇش ھەم ئەنئەنىسىگە ھەم ئۆز خاراكتېرىگە ھەمدە ئەركىن ئىلمىي ئىزدىنىشى ۋە چۈشەنچىسىگە خىلاپ ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ۋەسىجنىڭ قازىلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى مەجبۇرىيەت دەپ ھېس قىلدى.

ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ ئېھتىياجىدىن تولىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە بىلىم زاپىسىغا ساھىپ

بولغان فارابىي، بۇ يەردە ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى سىناپ ئىشقا كىرىشتى. ئوقۇغۇچىلىرى زېرەك، ئەقىللىق ئىدى، ئائىلىلىرىنىڭ يۈرىكىدە ھەم ئىلىم ئىشقى يالقۇنجاپ تۇراتتى. پەقەت بۇ چوڭ ئۇستازنىڭ مەڭگۈلۈك ئاجىزلىقى (زىيادە ئەقىللىقلىقى) ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈشىنى توسۇپ تۇراتتى. مانا بۇ يەردە ئۇنىڭ سەۋرسىزلىكى ئۇنى چارچىتىپ قويۇۋاتاتتى، ئۆزىگە ئوخشاش تېز ئىلگىرلىيەلمىگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھەپىلىشىشنى ئارتۇقچە ئىش دەپ قاراشقا باشلىدى. ئۇندىن باشقا، قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئېغىر بىر ئىش قوشۇلغان، ئەمما بۇ سايىدە ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا بۇرۇنقىدەك كۆپ ۋاقىت چىقىۋاتاتتى. گەرچە ئۇ توي قىلغان، ئائىلە يۈكى ئۈستىگە ئارتىلغان بولسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقتىنى كىتاب ئالدىدا ئۆتكۈزۈشكە ماس بىر رېتىم ھاسىل قىلىۋالغانىدى. يەنى پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

## پىتنە ۋەسىجگە كەلدى

ۋەسىجلىكلەر كۆڭلى ياخشى ۋە دۇرۇس ئىنسانلار ئىدى. ئۆز ئارا ياخشى ئۆتۈشەتتى. گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل سۆھبەتتە بەسلىشەتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پىتنە بۇ يەرلەرگە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. فارابىيمۇ زورلۇقتا قالغۇدەك قىيىن بىر دەۋاغا تېخىچە يولۇقمىغانىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلانغان ئۇششاق سۆزلەر، غەيرى ئەھۋاللار تەسىرىنىڭ بۇ يەرلەرگىمۇ كېلىدىغانلىقىغا دائىر ئىشارەتلەر بېرىشكە باشلىدى. ھەقىقەتەن بىر قانچە يىلدىن كېيىن، پىتنىلەرنىڭ بىر ئۇچى بۇ گۈزەل ۋە ئىللىق ماكانغا كىرىپ كەلگەندە ئىشلار باشقىچە بولدى. بازاردىكى بىر قىسىم موللىلار باشقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز كەلگەن ئۇششاق — پىتنە - پاساتلاردىن ھەربىكەتلىنىپ ئەركىن چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنى ئاغزىنىلۇق بىلەن ئەيىبلەشكە باشلىدى. تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى مىللىي خاتىرىلىرىدىن قالغان بىر قىسىم ئۇنسۇرلار، سۈننەتكە قارشى ئىچكى مەسىلىلەر بۇ يىراق بۆلۈكتىمۇ بىر قىسىم دۇنيا قارشى ۋە ئېتىقاد ئىككىلىنىشلىرىنى پەيدا قىلدى. ھېچكىم ئىسلامنىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرىگە ئەڭ كىچىك بىر ئېتىرازدا بولمايتتى. ئەمما ۋاستىلىك پەيدا قىلىنغان بۇ مۇنازىرىلەر ئاۋامنىڭ بىلمەي تۇرۇپ بۇ ئېتىقاد بوھرانلىرىغا چۈشۈپ قېلىشىغا زېمىن

ھازىرلاۋاتاتتى. بۇ ئىشلارغا يېقىندىن شاھىد بولۇۋاتقان فارابىي ھاياتىدىكى ئەڭ ئازابلىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن چارىسىز ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى؛ مولللارنىڭ بىلىمنىڭ قارىڭغۇ تەرەپلىرىدىن ئوق ئېتىۋاتقانلىرىنى كۆرەتتى، توسۇيالمايتتى؛ خەلقنىڭ جاھالەت قالقانلىرىغا ھېچ گەپ ئۆتكۈزەلمەيتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ياخشى نىيەتلىك بىر مولللىنىڭ ئۆزگە ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى يۇنان تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشتى. بۇنى ئەكەلگۈچى كىشى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر پۇقرانىڭ ئۆيىدىن تېپىلغانلىقى، دىنسىزلىك ياكى ئازغۇن پىرقىلەرنى تارقىتىش ئۈچۈن يېزىلغان بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭدەك فارابىيدىن قازى سۇپىتى بىلەن بۇ كىتاب ساھىبىنى ئېغىر جازالاش تەلەپ قىلىندى. ۋەسىجنىڭ بۇ داھىسى بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، بۇ كىتابلارنىڭ قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىگە دائىر كىتابلار ئىكەنلىكىنى بىلدى. فارابىي موللامغا چۈشەندۈرۈپ ئۇنى بىرئاز پەسەيتكەندىن كېيىن، دۇنيادىكى ئەڭ زور خەزىنىنى تېپىۋالغان ئىنسانلارغا ئوخشاش قاتتىق قىزىقىش ۋە خۇشاللىق ھاياجىنى بىلەن كىتابلارغا چۆكۈپ كەتتى. فارابىي بۇخارا ۋە ماۋەرائۇننەھىردە بىر قەترە ـ بىر قەتردىن توپلىغان ئىلىملىرىنىڭ نەتىجىسىدە بۇ كىتابلارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى بۇ تىل بىلەن ئالاقىسى ھېچ بولمىغاچ، كىتابنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىشتا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قېيىنلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. ئۇ بۇ ئەھۋالغا قارىتا

كىتابنىڭ بىر بېتىنى يەنە بىر بېتى بىلەن ئىزاھلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. يەنى، بىر بەتتىكى قىينالغان. مەنىسىنى ئىزاھلىيالمىغان جۈملىلەردىكى ئۆزگە يات سۆزلەرنى تېپىپ، ئۇنى كېيىنكى بەتلەردىن ئىزدەيتتى ۋە مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىق بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش، ئوخشاشلىقلىرىنى بايقاپ چىقىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىپ، كىتابتىن تولۇق ۋە توغرا يېشىمگە ئېرىشىشقا تىرىشتى. بۇ تولىمۇ ۋاقىت ئالىدىغان ۋە كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بىر ئىش بولسىمۇ، ئەمما فارابىي بۇنىڭدىن زېرىكىش ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى، بەلكى ئۇ بۇ كىتابلار سايىسىدە ئەپلاتون، ئارستوتېل قاتارلىقلار بىلەن دوستلۇق ئورناتتى ۋە ئوتلۇق ئىشتىياق بىلەن پەلسەپىگە بېرىلىپ كەتتى. ئوخشاش كىتابلارنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىمۇ ئىلگىرى بىر ۋەسىلىلەر بىلەن ئۆزگە ئامانەت قويۇلغانىدى، كۆرۈپ چىقىش ئارقىلىق ئەسلىي مەتىن بىلەن ئەرەبچە تەرجىمە ئارىسىدا قورقۇنچلۇق پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر تۇيغۇ - سېزىمىنىڭ ئىسمىنى بېرىۋاتاتتى: پەلسەپە. تېخى بالا ۋاقىتلىرىدىلا بىلىملەرنى يۈكسەك مۇھاكىمە بىلەن قىممىتى ۋە ۋەزىپىسىگە كۆرە تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن فارابىي ئەمدىلىكتە باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولۇۋاتاتتى. ئىلگىرى ئۇ پەلسەپىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پارچە - پۇرات ئاتالغۇلىرىنى بىلىۋالغان بولسا، مانا ئەمدى بۇ پەلسەپە ئاساسىي مەنبەلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىلكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرماقتا. ئەمدى ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى چۈشەنچە قالايمىقانچىلىقىنى تۈزەشكە دادىل قەدەم تاشلىيالايتتى، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئۆزگە خىزمەتچى بولىدىغان پەلسەپە بىلەن بولغان ئايرىلىشنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرەلەيتتى. ئەسلىدە فارابىينىڭ قىلماقچى بولغانلىرى ياشلىقىنىڭ بېرەلەيدىغان بىر جاسارىتى بىلەنلا بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئارىستوتېل ۋە ئەپلاتوننى ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، ئۇلارنى تەئۋىلنىڭ ئاجايىپ بىر ئېزىش ماشىنىسىغا سېلىش دېمەك ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزگە قالتىس ئىشەنچ قىلماقتا، ساپ ئەقىلنىڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا قايىللىقى ئارتماقتا ئىدى. توختىماي خاتىرە ـ تەسىرات قالدۇرماقتا، كۆپ ۋاقىتلاردا تاغ ـ جىرالارغا چىقىپ، توختىماي تەپەككۇر ـ مۇھاكىمە بىلەن كاللىسىنى مەشغۇل قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق، بۇ ئۆزىنى قىيناش ئىدى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن بۇ ئىككى پەيلاسوپنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمىگەنلىكتىن، پىكىر ئوينىتىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەپلىشىشى ئىمكانسىز ئىككى كۆز قاراشنى ئەپلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىدىكى مول بىلىم بايلىقى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىقلىقى بىلەن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئالاقىلەرنى قۇراتتى، لېكىن بۇ ئىش بۇنداق ئاسان ئەمەستەك ئىدى، يۇرىكىدىن كەلگەن ئىستەككە ئەقلى تەسلىم بولمايۋاتاتتى. ئىسلامىي ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلىرى بىلەن ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ كۆز قاراشلىرى ئارىسىدا مەجبۇرى بەرپا قىلغان بۇ باغلىنىش ـ ئالاقە، قىسقا بىر تەنقىد سۆزگۈچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇزۇلۇش مەجبۇرىيىتىدە قالاتتى.

# تەبىئەت بىلەن يالغۇز قېلىش

بىر قېتىم فارابىي ۋەسىجىدىن بىرنەچچە فەرسەخ يىراقلىقتىكى ئورمانلىقتا چېدىر تىكىپ، بارلىق سىرتقى تەسىرلەردىن ئۈزاق هالەتتە ئاساسىي ھەرىكەت ئوقتىسىنى بېكىتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم كىتابلىرى ۋە قالدۇرغان خاتىرىلىرىنى ئېلىپ تىنچ تەپەككۇر مۇھىتىغا كىردى. ئاۋۋالقى بىر - ئىككى كۈن ھېچنەرسە ئوقۇپ - يازماي، پەقەت ئويلىنىش - تەپەككۇر قىلىش بىلەنلا كۈپايىلەندى. بۇ قېتىم ئۇ ھېچقانداق خاتىرىمۇ قالدۇرمىدى. زېھنىنىڭ قوبۇل قىلغىنىغا ئەركىن قويۇپ بېرىپ، ئارقىدىن مەلۇم بىر ئوقتىغا مەركەزلىشىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىق يۈرگۈزدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يۈزلىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېڭى بىرخىل ھەل قىلىش ئۇسۇلى تېپىشنىڭ مۇمكىن بولۇپ - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. خۇددى تەپەككۇر مەسىلىسىدە ئىنسانلار ھازىرغا قەدەر بايقىيالمىغان، ئەمما ماھىيەتتە تەبىئىي شەكىللىنىش ئىمكانىيىتى بولغان بىر چارە باردەك ئىدى. فارابىي شۇنداق بىر ئۇسۇل ھەققىدە ئىزدەنمەكتە ئىدىكى، ئۇ ھەر تۈرلۈك بىلىملەردە توغرا - خاتانى ئۆتتۈرىغا قويۇپ بېرىدىغان ئۇنۇملۇك ئاچقۇچ بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ مەنتىقتىنمۇ (لوگىكا) پەرقلىق بىر نەرسە ئىدى. مەسىلەن، ماتېماتىكىغا ئۇيغۇن

بولغىنىغا ئوخشاش، گىراماتىكىغىمۇ ھەتتاكى تەسەۋۋۇپ مەسىلىلىرى ئۇچۇنمۇ ئۇيغۇن بولىدىغان بىر ئاچقۇچ... بۇ ئەقىلمۇ ئەمەس، ئەمما ئەقىلنىڭ سىرتىدىمۇ بولالمايتتى، چۈنكى ئەقىل ئاز - تولا بولسىمۇ ھەركىمدە بار.

قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇن كىشىلەر ھەر تۈرلۈك ئىلىم ئۇياقتا تۇرسۇن، پەقەت بىر تۈردىكى مەسىلىلەردە توغرا - خاتا، ھەق - ناھەقنى ئايرىشتا مەغلۇپ بولاتتى. شۇنداق بۇ ئاچقۇچ ئەقىل بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئەقىلنىڭ ئۆزى ئەمەس.

شۈبھىسىزكى بارلىق ئىزدىنىش ۋە چۈشەنچىلەر تېخىچە مەۋھۇم يىپ ئۇچلىرىدىن باشقا ھېچ بىر ئۈمىد بەرمەيۋاتاتتى. ئەمما فارابىينىڭ ئىشلارنى كۆپىنچە ياخشى تەرىپىدىن ئويلىشى ۋە ئۆزگە بولغان ئىشەنچى نىشاننىڭ مەيلى قانچىلىك يىراقتا بولسۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسىلا ئۈمىدىنى ھېچ تەۋرىتەلمەيتتى.

# سىرلىق شامال

فارابىي ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يەنە ئوخشاش مەسىلە ھەققىدە ئويلانغاندىن كېيىن، پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن چېدىرىغا قايتىپ، ئازراق بىرنەرسە يەۋالغاندىن كېيىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئارقىدىن ئازراق ئۇخلىۋېلىشنى ئويلاشتى - يوق، يەنە شۇ ھېلىقى ئارزۇسى كالللىسىغا كېلىۋالدى. ئۇ ئالدىرايتتى، تېز ۋاقىت ئىچىدە ئاساسىي ھەرىكەت نۇقتىسىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ھېچ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى، بىر سائەتتىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر تۇيغۇ بىلەن ئويغىنىپ تۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى تەپسىلاتلىرى بىلەن ئېسىدە قالمىغان بىر چۈش كۆرگەنلىكى ئىدى. ۋەسىجىدىن بۇخاراغا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئانىسىنىڭ كۆرگەن ھېلىقى چۈشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ چۈشكە فارابىي باشتا بەك ئېرەنسىمىدى. چۈشىدە غايەت زور چوڭلۇقتىكى بىر تۆگە قۇش ئۇنىڭ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان يېرىدە قانات قېقىپ، خاتىرە ئالغان ۋاراقلىرىنى ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇرتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تۆگە قۇشنىڭ قاناتلىرىدا قەدىمكى يۇنان تىلى بىلەن يېزىلغان بىر قىسىم پارچىلار بولۇپ، ئۇ بۇ خەتلەرنى ئېنىق كۆردى، ئەمما ئوقۇيالمايتتى. فارابىي بۇ ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشكە شۇنچە تىرىشسىمۇ، ئەمما ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى بىلەن

ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى ئويلاشتىن ھېچ قۇتۇلالمىدى. دەسلەپتە ئۇ بۇ چۈشلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ، ئۆزىنىڭ چۈشىنى ئەقىللىق ۋە بىلىملىك ئىنسانغا خاس، ئانىسىنىڭ بولسا خىيالغا بېرىلگۈچىگە... يىللار ئىلگىرىكى چۈشتە بىر تۆگە بار ئىدى، ئەمما ئۇ ئۇچالمايدىغان بىر مەخلۇق. ئۆزىنىڭ بۇ چۈشىدە بولسا، تۆگە قۇشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قانات قېقىشلىرى ناھايىتى تەبىئىي بىر ھادىسە ئىدى. يەنى، ئاۋۋالقى چۈشتە بولمايدىغان بىر ئىش بولۇۋاتاتتى، ئىككىنچىسىدىكى بولسا رېئال ھاياتتا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بىر ئىش. شۇنىڭدەك ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشىدىكى خەتلەرنىڭ قايسى تىلدا ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بەلكى بىچارە ئانا ئوخشاش ھەرپلەرنى كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى. ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن خەتلەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغانلىقىدا ھېچ شۇبھە يوق. ئەگەر بۇ چۈشلەرگە مەنا بېرىش كېرەك بولسا، بۇ ناھايىتى ئاسان: تۆگە قۇشىنىڭ قاناتلىرىدىكى خەتلەرنى پەلسەپە دەپ قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇ نۇقتىدا فارابى بەلكى ئۆزى سەزمىگەن ئاساستا چۈش تەبىرگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىدىن سورىدى:

«پەلسەپە شامىلى بىلىملىرىمنى ئۇچۇرتامدۇ؟»

ئاندىن كۈلۈمسىرىدى ۋە ناھايىتى بىر چۈشكەنغۇ، دەپ ئۆتۈپ كەتكۈسى بار ئىدى. بۇ چۈشكە ئەستايىدىل قاراپ ئويلىنىپ كېتىش ئۇنىڭ ئەقلىگە نە قەدەر زىت بولسا،

قەلبىگىمۇ ئۇ دەرىجىدە زىت كېلىۋاتاتتى.

فارابىي ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرياغا قەدەر يۈردى. يۇز - قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن، ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىغان بەزى چۈشەنچىلىرىنى ئۇنتۇپ قالاي دېگەن ھالەتتە چېدىرىغا قايتتى. خۇددى چۈشى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈپ قېلىشتىن قورققاندەك، ئىچىدە خاتىرە يازغۇسى كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى ئۆزىگە ياراشتۇرالماي سىرتقا چىقتى - دە، پاكار يېزىق ئۈستىلىنى قۇردى. ئۇ بۇنچە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان سوئال، ئويلىنىشلارغا قارىماي، سىرلىق بىر سۆيۈنچتە ئىزدىنىشلىرى ۋە ھەممىنى تاشلاپ يالغۇز قالغانلىقلىرىنىڭ مېۋىسىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. مەنتىق ۋە ئەقىلدىن باشقا بىر ئۇسۇلنى، بارلىق پەنلەردىكى توغرا - خاتالىقنى ناھايىتى ئاسان ئايرىيالايدىغان يېڭى بىر ئاچقۇچنى تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغاندەك سەزدى.

شۇنداق، بارلىق بىلىم تۈرلىرىگە ئاسانلا تەتبىقلىغىلى بولىدىغان ئاچقۇچلۇق سىستېما... ئەگەر ئۇ يېقىنقى مەزگىللەردە كاللىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا چۆرگىلىتىپ مۇلاھىزە قىلغان نۇقتىلارنى توپلاپ رەتلىسە نىشانغا يېتەلەيتتى. بۇ ئىشەنچ بىلەن تۇنجى بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن چۈشەنچىلىرىنى بىر - بىرلەپ توپلاپ خاتىرىلەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com

# چۈش ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈۋاتامدۇ؟

دەريا سۈيىنىڭ چىقارغان يېنىك ئاۋازى لەرزان شامالغا پاراللېل ئېقىپ كېتىۋاتقىنىدا، فارابىي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خاتىرە قالدۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. شامال سەللا كۈچەيگىنىدە كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەيتتى، تەدبىر ئېلىشنى ئويلىشاتتى يۇ، ئۆزىدىكى قورقۇنچنى ھېس قىلغىنىدا ۋاز كېچەتتى. بۇنداق ئالدى ـ كەينى دېلىغۇل بولۇش ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئىنكار قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ چاغدا ئۇ يازغان خاتىرە ۋاراقچىلىرىنىڭ ئاندا ـ ساندا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاۋۋالقى دېلىغۇللۇقى ئۇنىڭ خاتىرىلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىغا قارشى ئالماقچى بولغان تەدبىرلىرىنى توسۇيالمىدى ـ دە، ۋاراقچىلار ئۈستىگە كىچىك تاش پارچىلىرىنى باستۇرۇپ قويدى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى خاتىرىلەپ چىقتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەتىسى بۇ خاتىرىلەرنى رەتلەپ، باغلىنىشلىرىنى ئېنىقلاپ، غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن ۋەسىجگە قايتىش ئىدى.

ھەر تۈرلۈك نەپسانى ئەندىشىلەردىن يىراق تۇرۇش ئۇچۇن كەچلىرى خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئىسلامغا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىپ

قالماسلىقى ئۈچۈن رەببىگە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن دۇئا قىلدى. ئېنىقكى، ئۇ ھېلىقى چۈشىنىڭ بەلگىلىك تەسىرىگە ئۇچراپ يېڭى چۈشەنچىلىرىدىن سەل ئەنسىرەپ قالغانىدى، ئەمما بۇنى تېخىچە ئۆزىگە ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى.

ئۇ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنلا ئورنىدىن تۇراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىمۇ غەلىتە. كەچلىرى بىر سائەتتىن ئارتۇق ئويغانماي ئۇخلىيالمايتتى. ئويغىنىپ بىر سائەتكىچە قايتا ئۇخلىيالمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كېچىلىك ئۇخلىغان ۋاقتى بىلەن ئۇخلىمىغان ۋاقتى ئاساسەن ئوخشاش چىقاتتى. ئادەتتە كۆپ چۈش كۆرمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن. بۇ كېچە چۈش كۆرەلەيدىغاندەك بىر ھاياجاندا ئىدى. بەلكى كۈندۈزدىكى چۈشىنىڭ تەسىرىدىن تېخى قۇتۇلالمىغاندۇ. زېھنىگە قوبۇل قىلدۇرالماسلىق بىلەن بىرگە، بىرەر ئىشارەت كۈتكەندەك ئىدى. ئەگەر كۆرگەن چۈشى بۇرۇنقىنىڭ ئۆز ئەينى ياكى بۇرۇنقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چۈش بولسا ئىدى، بۇ قېتىم ھېچ ئىككىلەنمەيلا جىددىي مۇئامىلە قىلالايتتى. ياكى فارابىنىڭ قاتتىق ئەقلىيچىلىكى تەۋرىنىپ قېلىۋاتامدۇ؟...

نەتىجە كۈتكىنىدەك بولمىدى، كېچە ھەر ئويغانغىنىدا كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەشكە تىرىشتى، ئەمما بولمىدى. ئۇ يا كېچە چۈش كۆرمىدى ياكى كۆرگەن چۈشىنى خاتىرىلىيەلمىدى. بۇ ئەھۋال ئۇنى تۈنۈگۈن پېشىن ۋاقتى بىلەن كۆرگەن چۈشىنىڭ بىرەر سىرلىق ئىشارىتى ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرەلمىدى، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنى

ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتۇرۇشقا تىرىشتى. ئېنىق بولمىغان بىر ئىستەك بىلەن كۈتكەن بېشارىتىنىڭ كەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ چۈش ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيتمىۋاتاتتى. ئەمما بۇ ئارىدا فارابىي ئۆزىنى ئىلگىرى ياشاپ باقمىغان شەكىلدە بىر ئاجىزلىق ئىچىدە ھېس قىلدىكى، ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بولمىغىنىدا، ئېزىپ كېتىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچ بۇ قەدەر يېقىن ھالەتتە كۆرمىگەنىدى.

بامدات نامىزىدىن كېيىن چېدىرىدىن چىقىپ، قۇياشنىڭ چىقىشىدىن ھوزۇرلاندى. دائىم ئېلىپ بارىدىغان بۇ دەم ئېلىشى ئۇنىڭدا ئاجايىپ چۈشەنچە ـ تەپەككۇرلارنىڭ پەردىسىنى ئاچاتتى. زېھنى چاقماق كەبى تېز ۋە كەسكىن ئىشلىگەن بۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقىنى ئەسلەيتتى. بۇ ۋاقىتلاردا فارابىي پەقەتلا مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر قىلغۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا يۈرىكى ئۇرغۇپ تۇرغان، شېئىر ياكى مۇزىكىغا ئۆزىنى قويۇۋەتكەن بىرسى بولاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ مۇتەپەككۇرلارغا ۋە چوڭقۇر بىر يالغۇزلۇقنى ياشىغۇچىلارغا خاس سائادەت ئىچىدە يا بىر قانچە مىسرا شېئىر يازاتتى، ياكى نەپىس بىر مۇزىكا ئىجاد قىلاتتى. بۇ قېتىمقى ھالى ھەر ئىككىسىدىن پەرقلىق بولدى. خۇددى ئۇ ھەم زېھنىنى ھەمدە كۆڭلىنى سۈكۈناتقا ئۇلاشتۇرۇشنى خالايتتى. ئۆزىنى تامامەن ئەركىن

قويۇۋەتتى، تۇنۇگۈن پىكىرلىرىدە ھەر ئىشىكنى ئاچىدىغان بىر ئاچقۇچقا يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. مانا بۈگۈن ئۇنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇنداق بولغاندا ئۇ ھۆزۈر ئىچىدە ۋەسىجگە قايتالايتتى. بۇنى ئالدىن قۇتلاش شەكلىدە ئاۋۋال رەببىگە ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزانە بىر مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تەسلىم بولۇپ، ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن. يەتمەكچى بولغان بۇ نەتىجىنىڭ خەتىرى بولمايدىغانلىقىغا دائىر چوڭقۇر ئىشىنىشكە باشلىدى.

چۈشكە يېقىن چېدىرغا قايتىپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن خاتىرىلىرىنى ئېلىپ يەنە دەريا بويىغا كەلدى. ئەمدى ئۇ يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن ئىزدىنىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بۇنچە پىكىرلەر ئارىسىدىن ئاجايىپ بىر بىرىكمە ھاسىل قىلالايتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شۇنداق

لەرزان شامال سوْيۇپ تۇرغان ياپراقلار ئارىسىدا خاتىرە ۋاراقلىرىنىڭ ئۇچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك تەدبىرنى قىلىپ ئىزدىنىشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ نۆۋەت ئۇ تەدبىر ئالغىنىدا چۈشىنىڭ ئەمەلىيەتتە يوْز بېرىپ قېلىش ئەندىشىسى كاللىسىغا كىرىۋالمىغانلىقى ئۈچۈن راھەت ئىدى. شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىگە: «چۈشنى كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ بۇ تەدبىرلەرنى ئېلىشىم تەبىئىي ئىدى» دەيتتى.

ھەر ئىش ئۆز يولىدا كېتىپ باراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ سۆيۈنچ ئىچىدە ئۈچ ۋاراق خاتىرىسىنى ئايرىپ، ئاخىرقى تولۇقلىغۇچى تىزىملىكلەرنى ئىزدەش ئۈچۈن قالغان ۋاراقلارنى ئاربلايتتى. دەل بۇ ۋاقىتتا قورقۇنچىنى ئەمدى پەسەيتكەن ئىش يۈز بەردى. لەرزان چىقىۋاتقان شامال تۇيۇقسىز كۈچىيىپ، بىر نەچچە سىكۇنت داۋاملاشقان قورقۇنچ بىر پۇۋلەش بىلەن كىچىك تاش پارچىسى بىلەن باستۇرۇپ قويۇلغان ئەڭ مۇھىم ئۈچ ۋاراق قەغەزنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى. فارابىي ئۇ قەغەزلەرنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىغان يۈگۈرگىنىدە كۈچلۈك شامال توختاپ قالدى، لېكىن ئەسلىگە قايتقان بۇ شامال بەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ، تاشتىن قۇتۇلغان ۋاراقچىلارنى ئىگىسىدىن قاچۇرۇشقا ئۈلگۈردى ۋە كۈچىيىپ

باردى. قورققان ئىش يۈز بەردى. ئۈچ ۋاراق قەغەز سۇغا چۈشۈشى بىلەن شامال يەنە كۆچۈپ كەتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئالدىنقىسىدەك بىر نەچچە سېكۇنت كۆچۈپ توختاپ قالىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالغان ۋاراقچىلارنىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئالدىغا سېلىپ ئۇچۇرتىۋاتاتتى. ياش ئالىم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قەغەزلەرنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا چېپىپ بىر - ئىككى ۋاراقنى تۇتۇۋالاتتى. ئارقىدىنلا يەنە باشقا ۋاراقلارنى كۆرۈپ شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا بەزىدە قولىغا ئېلىپ بولغان ۋاراقلارنىمۇ بىلمەي تاشلىۋېتەتتى. ئەمدى قىلغۇدەك ئىش قالمىدى. فارابىي تامامەن تاسادىپىي ھېسابلىنىدىغان بۇ ۋەقە ئالدىدا ئۆزى خالاپ - خالىماي تۈنۈگۈنكى چۈشىنىڭ جىددى بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى يەنىلا تىركىشىۋاتاتتى. ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىلىم ئىگىسىگە ئىلھامنىڭ بۇنداق سىرلىق بېشارەت سۇنۇشىغا ئىشەنسە، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىنكار قىلغان بولاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ قۇتقۇزۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بار بولغان قەغەزلەرنىمۇ يىغىشتىن ۋاز كەچتى ۋە ئولتۇرۇۋالدى. بەلكى ئۇ قەغەزدىكى بارلىق تەپسىلاتلارنى ئېسىدە تۇتۇۋالغاندۇ. ئەمما ئىچىگە چۈشكەن تەرەددۇت بىر ئاز ئاۋۋالغا قەدەر «ئاقىلانە» دەپ قارىغان بايقىشىنى ئەمدىلىكتە بارغانسېرى كىچىكلىتىشكە يول ئېچىۋاتاتتى، ھەتتا ئىچ - ئىچىدىن ئۆزىنى ئاچچىق مەسخىرە قىلغۇسى كېلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فارابىي ئاستا ـ ئاستا بۇ جاھىللىق زېھنىدە ھاسىل قىلغان غەزىپىنىڭ پەسىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ھادىسە ھەققىدە خېلى ئۇزۇن ئويلانغان بولسىمۇ ئۆزىنى قايىل قىلغۇدەك كەسكىن بىرەر مەنا چىقىرالمىدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا ئۆز ئاجىزلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇراتتى. ئەمدى ئۇ تېزراق ۋەسىجگە قايتىش ئۈچۈن سەبىرسىزلەندى، يول بويى بۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلايتتى.

تېزلا ھازىرلىنىپ ماڭغان فارابىي يول بويى مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلىيالماي، ئىككىدە بىر تويۇقسىز كۆچىيىپ كەتكەن شامال بىلەن ئالدىنقى كۈنىدىكى چۈشى ئارىسىدا بىر باغلىنىش بارلىقىدىن ئىبارەت پىكىر كاللىسىنى قوچۇيتتى. ئەمما ھەر تۈرلۈك ئويلاپ باقسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى نىشانى، پىكرى ۋە ئىزدىنىشلىرىدە ئاللاھقا ئىسيان قىلىدىغان بىرەر تەرەپنى بايقىيالمايتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۆزىگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلىكىنى زېھنىگە ھېچ سىغدۇرالمايتتى ھەم ئۇنداق قىلسا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۈرگە ئايرىش قائىدىسىنى ئىنكار قىلغان بولاتتى. يەنى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىلھام جاھىلغا (ئىلىمسىز)، تەپەككۇر (مۇھاكىمە) ئالىمغا توغرا يول كۆرسىتەتتى. جاھىلنىڭ تەپەككۇرى (مۇھاكىمىسى)، ئالىمنىڭ ئىلھامى پەقەتلا ئازدۇرۇشقا يارايتتى. ئۆزىنىڭ تۇتقان بۇ يولىنى (كۆز قارىشىنى) ئىنكار قىلسا، يىللارچە ئالغان ئىلمىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنىمۇ قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى.

مانا بۇ ئىنكارنى قوبۇل قىلىش ئۇنىڭغا كۆتۈرۈش ئىمكانسىز بىر يۈكتەك بىلىنمەكتە ئىدى. يىللار بويى مىڭبىر مۇشەققەت - مېھنەتتە توپلىغان غايەت زور بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئىچىدىكى بۇ پىكىرنى رەت قىلىش يەنە بىر شەرتىنىمۇ تەقەززا قىلاتتى. يەنى، ئەگەر فارابىي بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلسا، ئۆزى تاللىغان نىشاندىنمۇ ۋاز كېچىشى كېرەك. بۇندىن كېيىن ئىلىم ۋە پەلسەپىنىڭ ئارقىسىدا ئەمەس. تەقۋالىقنىڭ كەينىدە بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ئۇ ئىلىم ۋە پەلسەپىنىڭ تەقۋالىققا زىت بولىدىغانلىقىغا ھېچ ئېھتىمال بېرەلمەيۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇدنى[1] ئۆزگەرتىش

فارابىي ۋەسىجگە قايتقاندىن كېيىن، بىر قانچە كۈن بۇ ھادىسىنى ئۇنتالمىدى. ئۇچۇپ كەتكەن قەغەزلەردىكى مەزمۇنلارنى، نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە چۈشەنچە ۋە بايقاشلىرىنى خاتىرىلەپ چىققاندىن كېيىن، بىر مۇددەت زېھنىنى بۇ ئىشلاردىن يىراقراق تۇتۇشنى قارار قىلدى. مۇشۇنداق بىر تەتىلگە ئېھتىياجى بار ئىدى، ئەمما ئۇ بىكار تۇرالايدىغان، زېھنىنى ئارام ئالدۇرالايدىغان ئىنسان ئەمەس. بۇ ئارىدا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي مۇزىكىغا بەردى. ئۇ زامانلاردا ھازىرقى ھالىتىدىن پەرقلىق ۋە ئاددىي چالغۇ بولغان ئۇد(بەرباب ياكى باربىت)نى قولىغا ئېلىپ، قەلبىدىكى بارلىق تۇيغۇلىرىنى تارمار قىلغۇسى كەلدى، ئەمما فارابىي ئۆزۈندىن بېرى يېتەرسىز دەپ قارىغان بۇ ساز بىلەن كۆڭلىدىكى بارلىق ھەسرىتىنى ئىپادىلىيەلمەيۋاتاتتى. ئۇ بۇ سازنى تۈزەپ - ئۆڭشاش قارار قىلدى. فارابى بىرەر ئىشنى قارار قىلسا ئۇنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ ئاسان ۋاز كەچمەيتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىر ئىشنى قارار قىلىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى، قارار قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى - كەينى، ئوڭ - سولىنى ئوبدان دەڭسەپ ئاندىن ھەرىكەت قىلاتتى.

فارابىي بۇ ئۇد دېگەن چالغۇنىڭ ھەم ئىستېتىك كۆرۈنۈشىنى ياقتۇرمىدى ھەم ئۇنىڭدىن يېتەرلىك ھاياتى كۈچكە تولغان، يۈرەك تىترەتكۈچى مۇڭ ئاۋازنى تاپالمىدى. بۇ قەدىمى چالغۇنىڭ گۈزەللەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىقى مۇھەققەق، ئەمما

1 بەرباب، باربىت

ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىشكە توغرا كېلەتتى. ئۆزىمۇ ئوبدانلا چالىدىغان بۇ چالغۇنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خىيالى ئىدى، بەلكىم ئەمدى ئۇنىڭ زامانى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئىنچىكە ھەم ۋاقىت ئالىدىغان بۇنداق ئىش بىلەن ھەپىلىشىش زېھنىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت. شۇنداقلا ئۇنى بىكارمۇ قويمايتتى.

قولىدىكى ئۇدقا كىرگۈزۈلمەكچى بولغان ئۆزگەرتىشلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ تەسەۋۋۇردىكى ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارنىڭ قولىدىكى ئۇدتا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە ئۇ ئۇدنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىنى ساقلاپ قېلىپ، قالغان تۈرلىرىنى قايتىدىن ياساپ چىقىشنى ئويلىغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇدنىڭ تەييار قۇرۇلمىسى (جازىسى) دا يېڭىلىقنىڭ تولۇق ئەكس ئېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ يېڭىدىن بىر ئۇد ياسىماقچى بولدى. بۇنداق بولغاندا، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغان قۇرۇلمىسىغا كونا ئۇدتىن ئېلىشقا بولىدىغان بىر قانچە ئېلمىنتنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ - كىچىك ھەركىم راھەت ئىشلىتەلەيدىغان بىر چالغۇ ئەسۋابى مەيدانغا كېلەتتى. فارابىي ماتېرىياللاردىن تارتىپ ھەممىسىنى باشتىن - ئاخىر ئۆزى بىر قوللۇق تەييارلىدى، نە بىر تال تارنى، نە بىر تاختاينى تەييار ئالمىدى. تەسەۋۋۇردىكى ساز تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك - تۈرلۈك يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ باقتى. بۇ سازنىڭ ئۆزى

لايىھەلىگەن تۇسىنى ئېلىشى ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېتەتتى. نەچچە ئاي قېتىرقىنىپ ئىشلەش نەتىجىسىدە، شەرق مۇزىكىسىنىڭ ئىنچىكە - تۇم ھەرخىل نازۇك تەرەپلىرىنى چىقىرالايدىغان بىر ئۇد مەيدانغا كەلدى.

بۇ مەزگىلدە فارابىنىڭ پەلسەپىدىن يىراقراق بولۇشى، ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇردى. ھازىر ئۇ قازىلىق قىلىشتىن سىرتقى ئېشىنغان بارلىق ۋاقىتلىرىنى ئەسەرلىرىنى يېزىشقا ئاجرىتالايتتى. ئەمدى ئۇ ھېلىقى ئۈچۈپ كەتكەن خاتىرە ۋاراقچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان مول بىلىمى بىلەن تۇرلۇك - تۇرلۇك تېمىلاردا كىتابلار يېزىشقا كىرىشتى. شۇ دەۋردىكى خېلى كۆپ قىسىم ئالىملارمۇ قىممىتىنى تەستە بىلگەن بۇ كىتابلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئوزۇقلىنىدىغان چوڭقۇر بىلىم مەنبەسى بولاتتى، ئىبنى سىنادەك زور ئالىممۇ فارابىيدىن زېھىن ئوزۇقى ئالاتتى. ھەجىم جەھەتتىن بەك چوڭ بولمىغان بۇ كىتابلارنىڭ ھەربىرى، ئۆز ساھەسىدىكى شۇ ۋاقىتقىچە يېزىلغانلارنىڭ بەكرەك مۇكەممىلى ھېسابلىناتتى.

# تىل ئىنقىلابى

بۇ جەرياندا فارابىي بۈيۈك بىر تىل ئىنقىلابىنى مەيدانغا كەلتۈرمەكچى بولدى. زامانىسىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۇمۇ ئەسەرلىرىنى ئىنسان ئەۋلادىنىڭ كەلمىش - كەچمىشىدىكى ئەڭ ئۈستۈن تىللاردىن بولغان ئەرەب تىلىدا چىقىرىۋاتاتتى. شۇنىڭدەك فارابىي يۈكسەك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بۇ تىلغىمۇ تامغىسىنى بېسىپ، بۇ تىلنىڭ ئىپادىلەشتىكى كۆچلۈكلۈكى ۋە موللىقىدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىۋاتاتتى. فارابىينىڭ ئىشلىتىشىدە بۇ تىل، ئىنسانىي تەپەككۇرنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۆرنەكلىرىنى قۇسۇرسىز بىر شەكىلدە ئىپادىلىيەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئەرەب ۋە ئىرانلىق ئالىم - ئۆلىمالىرىنىڭ قىلالمىغان ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى سۈرىيەلىكلەر ۋە ئەرەبلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ياكى تۈزۈلگەن پەلسەپىۋى ئەسەرلەردىكى ئىپادىسىز (ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمىگەن) سۆز - ئىبارىلەر، فارابىينىڭ ئىشلىتىشىدە تۈرلۈك - تۈرلۈك ئۇقۇملارنى ئەڭ توغرا ۋە ئېنىق ئىپادىلەيدىغان ۋاستە ھالىتىگە كېلەتتى. بۇ بۈيۈك تالانت ئىگىسى ئەرەب تىلى ئىگە بولغان ئىپادىلەش كۈچىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىشلىتىشتە يېڭى بىر يول ئاچقانىدى. بۇ يەردە مۇھىم بولغان بىر نۇقتا، فارابىينىڭ ئانا تىلىنىڭ ئەرەبچە

بولماسلىقىدۇر، بىر ئىنساننىڭ كېيىنچە ئۆگەنگەن بىر تىلنى بۇنداق يۇقىرى سەۋىيەدە ئىشلىتەلىشى، ھەتتا بۇ تىلدىكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر بايقىيالمىغان بەزى ئىمكانلارنى بايقاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىشى، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا تۇنجى كۆرۈلگەن ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى.

# يىغىلىق

فارابىي ۋەسىجدىكى ئاخىرقى يىللىرىنى توختىماي ئەسەر يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. گەرچە ئۇ ئەمدى تېخى 35 ياشتا بولسىمۇ، بىر كۈتۈپخانىنى تولدۇرغىدەك بىلىمگە ئىگە ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭ بۇ بىلىملەر ئارقىلىق شۇ چاغقا قەدەر ئېلىپ بېرىلمىغان تەھلىللەر بىلەن ئىلگىرىلىيەلىشىگە ئىمكانىيەت ياراتقان ئۆتكۈر ئەقلى - زېھنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بىلىم ئىنسانلىرى بىلەن بولغان پەرقىمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇ ھەم بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسىز ياكى بەك ئاز ئالاقىسى بولغان تېمىلاردا يۇكسەك بىر بىلىم ئىنسانى بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت قىلىپ توختاپ قالماي، بىلىم ئىچىدىن بىلىم چىقىرىپ، خاتالىقلارنى ئىزدەپ، يېڭى توغرىلارغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. بولۇپمۇ دىنىي بولمىغان شاخچە تېمىلاردا ئۇنىڭ خىزمىتى ھەر تۈرلۈك تەقدىرلەشلەرگە نائىل ئىدى. بۇنداق كۆپ تارماقلىق تېمىلار ھەققىدە شۇنچە كۆپ نەرسىنى بىلىشى ئۇنىڭ زېھنىدە كىچىككىنە بىر قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلمىغانلىقى ۋە بۇنداق خاتالىقنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ كەسكىن ئىسپاتى ماھىيىتىدىدۇر. گەرچە ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن قەدىمكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش جەريانىدا بىرقىسىم

www.uyghurkitap.com

غەلىتىلىك ۋە خاتالىقلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ زېھنىدىكى يېتەرسىزلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئىككى يۆنىلىشتىكى باراۋەر ھېسداشلىقنىڭ مەغلۇبىيىتى (ماسلاشمىغانلىقى) ئىدى. ئارىستوتېل بىلەن ئەپلاتوننى ئىسلام بىلىمى ۋە ئېتىقادىغان ئوخشاش ئەستايىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش ئۇنى قاتمال (كىرسە چىقماس يول) ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

## تېمىلار قايسى؟

فارابىي قايسى تېمىدا ئەسەر يازمىدىكى؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان تېمىدا سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى ئەڭ قىسقا ۋە بىۋاسىتە ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ، ئەڭ كىچىك ھەجىمگىمۇ بۈيۈك بىر تەتقىقات تېمىسىنىڭ روھىنى سىغدۇرالايتتى.

ئۇنىڭ تۇنجى چوڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئەقىل ھەققىدە كىتاب» ناملىق ئەسىرى ئەمەلىيەتتە بىر رىسالىدىن ئىبارەت. كېيىنچە غەرب دۇنياسىغا تەرجىمە ئارقىلىق تونۇلغان بۇ ئەسەر، شۇ زامانغا قەدەر ئەقىل ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ ئىخچام ۋە قىممەتلىك ئەسەر ھېسابلىناتتى.

فارابىي يۇقىرىقىدەك ئىسىم قويۇش تەرزىدە يەنە نۇرغۇن كىتاب يازغان. «خىتابەت ھەققىدە كىتاب» ناملىق ئەسىرى سۆزلىشىش سەنئىتىنىڭ بارلىق قائىدە ـ قانۇنلىرىنى ئىسپاتلىق ئىلمىي پىرىنسىپلار رامكىسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىپ قەلەمگە ئېلىنغان. يەنە ئوخشاش شەكىلدە «شېئىر ھەققىدە كىتاب»، «بۇرھان كىتابى»، «ئەخلاق كىتابى» قاتارلىق كىتابلار ئوخشاش يۆنىلىشتە ئۇنىڭ «ياش» دەپ ئاتىلىدىغان يىللىرىدا قالدۇرغان قىممەتلىك تەپەككۇر ۋە بىلىم سەمەرىسى ئەسەرلىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فىزىكىدىن مۇزىكىغا، ئاسترونومىيەدىن ئاتومغا قەدەر يۇزلەرچە تېمىدا ئەسەر يازغان فارابىينىڭ ئەڭ يۇكسەك ئۇستۇنلۇكلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشقا تۇتۇنغان تېمىلاردا تۇنجى ۋە بىردىنبىر بولغانلىقىدۇر. ھەتتاكى، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مەسىلە ۋە تېمىلارغا ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەش ئەسىر بويىچە كەلگەنلەر چېقىلىپ - قول تىقالمىغان، مانا بۇ ھەقىقەت ھەققىدە قانچىلىك توختالسا يەنە ئازلىق قىلىدۇ، چۇنكى ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بەش ئەسىرگىچە كېلىدىغان ئالىملار ئۆز زامانىدا، ئېتىشى كېرەك بولغان يوچۇقلارنى ئالدىن ھېس قىلىپ تاقىغان. ئەسلىدە بۇنىمۇ بەك يات ساناپ، ھەيران قېلىش كەتمەيدۇ، چۇنكى فارابىي يازغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ مېتود ۋە مەزمۇن جەھەتتىن 20 - ئەسىر چۇشەنچە - پىكىرلىرىگە ئۆرنەك ھېسابلانماسلىقىقا ھېچبىر سەۋەب يوق. ئۇنىڭ «چەكسىز كۇچ كىتابى»، «شېئىر سەنئىتىنىڭ قانۇنلىرى كىتابى»، «ئىنسانلىقنىڭ باشلىنىش كىتابى»، «لەفزە ۋە ھەرپلەر كىتابى»غا ئوخشىغان نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلىرى زامانىمىزنىڭ تەتقىقاتچى ۋە بىلىم ئىنسانلىرىنىڭ ئادەتلەنگەن تەرزىدىكى ئوبيېكتىپ تەپەككۇر سەمەرلىرىدۇر.

## يەنە ئايرىلىش

فارابىي ئۆچۈن ۋەسىج ھەتتا بۇخارا، بەلخ ۋە ھىراتقا ئوخشاش زامانىسىنىڭ بۈيۈك ئىلىم - پەن مەركەزلىرىدىمۇ بىلىم جەھەتتىن جەلىپ قىلارلىق بىر نەرسە قالمىغانىدى. ئازغا قانائەت قىلمىدىغان، كۆن ئۆتكۈزۈشنى مەسىلە دەپ قارىمايدىغان سەيلىكەش روھى ئۇنىڭدا باغدات قىزغىنلىقىنى قايتىدىن قوزغىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە كۆز قاراشلىرىنى خەلىپىلىكنىڭ مەركىزىدە دەپ قارىغان ئالىملار بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە يېڭى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە قاتتىق ھېرىسمەن بولماقتا. ئۇ ھازىر باغدات ۋە ئۇ يەردىكى ئالىملار ھەققىدىكى سەلبى سۆزلەرگە ئىشىنىشنى خالىمايتتى ياكى بەك ئەھمىيەت بەرمەيتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، فارابىي ھازىر بالا - چاقىسى بار ئادەم. كۆندىلىك تۇرمۇش ۋەزىپىلىرى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى ئۇنىڭ ئىنسانلىقىقا ۋە مۇسۇلمانلىقىقا نىسبەتەن ھېس قىلغان مەسئۇلىيەتلىرى بىلەن توقۇنۇشماقتا ئىدى. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋەسىجدە راھەت بىر ھاياتى بار، يەنە ئىلىم سەپىرىگە چىقىدىغان بولسا، يېڭى - يېڭى مۇشەققەت ۋە مېھنەت دەۋرى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قېتىم ئاۋۋالقىلىرىدىن پەرقلىق ھەسرەتلەر قوشۇلىدۇ، ئۆزىگە بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەر، ئەمما ئايالى ۋە بالىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلارنى بۇنداق ئەزىيەتلىك ھاياتقا سۆرەپ كىرىشكە ھەققى بارمىدى؟ ياكى ئۇلارنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ قويسۇنمۇ؟ قانداقلا بولسا ئۇلارغا ۋەسىجدە ھاياتىنى - تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك پۇل - مال قالدۇرۇپ قويالايدۇ. ھەمدە ئۇ باغداتقا ئۆمۈرلۈك كەتمەيدىغۇ، ھامىنى قايتىدۇ. بەلكى ناچار ئېھتىماللىقلار ئۇنى ئۆيلىگىنىدىن ئېخىمۇ بالدۇر قايتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، ياق ئۇ يەردە يەرلەشمەكچى بولسا، خالىغىنىدا كېلىپ ئائىلىسىنى ئېلىپ كېتەلەيدىغۇ...

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ۋەسىجدىكى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەلمىگەنلەر، ئۇنىڭ كېتىشىنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن نەقەدەر بىر يوقىتىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىدى. فارابىيمۇ بۇ كىچىك بازاردىكى كىشىلەرنىڭ بۇنداق بولۇشىدىن بەك ھەيران قالمايتتى. چۈنكى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك فارابىينى پەقەت بىر نەسىل كېيىن كېلىدىغان ئىبنى سىنالا چۈشىنەتتى ۋە ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولمىغىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ساددا ئىنسانلارنىڭ قۇياشتەك پارلىغان بۇنداق بۈيۈك بىر بىلىم ۋە پىكىر ئىگىسىدىن مەھرۇم قېلىشى، ئۇلارنىڭ نېمىدىن مەھرۇم قالغانلىقلىرىنى چۈشىنەلمىگەنلىكى قەدەر نورمال ئىدى. ئەمما ۋەسىجلىكلەر فارابىينى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىن بىرخىل ئەيمىنىپ، تەپ تارتاتتى. ئۇ قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھېچ بىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان شەكىلدە ئېھتىياتچانلىق ۋە لاياقەتلىك

ھالـدا يۈزگـۈزۈش بىلـەن بىرگـە، سەممىيەتسـىزلىك - ساختىكارلىقتا باش ئەگمىگەنلىكى بىلـەن ئۆزىنـى ئـەڭ ئۈستۈن مەرتىۋىگـە چىقارغانـىدى. بارلىـق ۋەسـىج خەلقى فارابىـي بولغـان يـەردە خـۇددى بارلىـق نەرسـە قازىدىـن سورىلىدىغاندەك ھېچبىـر ئـىش ۋە نەرسـىگە توغـرا ياكـى خاتـا دەپ ھۆكـۈم چىقارمايتتـى. بـۇ ھالـەت بازاردىكىلەرگـە ھەرقانداق بىـر بېسىم بىلـەن ئەمـەس. بەلكى ئۆزلىكىدىـن پەيدا بولغـان. گوياكـى ۋەسـىجلىكلەر ئۆزى بىلـەن ئوخشاش يوللاردا - كوچىلاردا ماڭغـان بـۇ كىشـىنىڭ ئەقىل - ئىدراك قۇتىسـى ئىكەنلىكىنـى ھېس قىلماقتـا ئىدى. شۇڭلاشـقىمۇ كىشـىلەر ئۇنىـڭ بـۇ بـازاردا بولۇشـىنى سـۆز بىلـەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغـان بىـر ئىشـەنچ تۇيغۇسـى ئاتـا قىلىدىغـان مەنبە ھېسـابلايتتى.

فارابىـي باغداتقا يولغـا چىقىدىغانلىقىنـى ئېيتقىنىـدا، ۋەسـىجنىڭ ئـاق ساقاللىرىمۇ ئـەڭ كىچىك بىـر ئېتىـرازدا بولمىـدى. ئـۇلار فارابىينىـڭ قېلىشـىنى خالايتتـى. ئەممـا بۇنـداق بىـر تالانـت ئالـدىدا ھېچقانـداق باھانە كۆرسـىتەلمەيدىغانلىقلىرىنى ئالدىـن قوبـۇل قىلغانلىقلىـرى ئۈچـۈن سـۈكۈت قىلىۋاتاتتـى. بىـر - ئىككـى كىشـى ئۆزلىرىنىـڭ ئۇنىڭغـا موھتـاج ئىكەنلىكىنـى ئىپادىلىگـەن بولسـىمۇ، ئەممـا سـۆز ئارىسـىدا «ئەلۋەتتـە، سـەن باغداتقا بېرىشـىم كېـرەك دەپ ئويلىغـان بولسـاڭ، بېرىشـىڭ كېـرەك دېمەكتـۇر» دەپ قوشـۇش ئارقىلىـق ئاخىرقى قارارغـا يەنىلا بويسـۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشـكە مەجبـۇر بولـدى. ئايالىـمۇ ھـەم مۇشـۇنىڭغا ئوخشـاش توغـرا چۈشىنىشـنى كۆرسـەتتى، ھەتتاكـى بـۇ يـاش ئانـا ئوخشـاش ۋاقىتتـا

بالىلىرىغا ھەم ئانا ھەم دادا بولۇش مەجبۇرىيىتىدە قويىدىغان بۇ ئايرىلىشنى باشقا موللىلاردىنمۇ بەكرەك ياخشى چۈشىنەتتى. بۇ فارابىينىڭ تەلىيى بولغىنىدەك يەنە ئۇنىڭ تەربىيەسىنىڭ مېۋىسى ئىدى. بۇ مېھرىبان ئايال ئېرىنى ئەقىل - پاراستى بىلەن تونىغان، ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقتىن، بۇنداق قۇربانلىق بېرىشنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ھېچقاچان ئاياللىق شەخسىيەتچىلىكى بىلەن ئېرىنىڭ غەيرەتلىرىنى سۇندۇرمىغان، ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن ئاز ئەمما ساپ بولغان غەمخورلۇققا سەل قارىمىغان. ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچ بىر ۋاقىت ئۆزىنى فارابىينىڭ ئىرىشچانلىقىنىڭ قارشىسىغا قويماسلىق بىلەن پەزىلەتلىك بىر ئايال ۋە كۆيۈمچان بىر ئانا ئۆزىنىكىنى ياراتقان. مانا ھازىرمۇ ئۇ بۇ ئايرىلىشنىڭ بىر كۆڭۈل سۇنۇقى بولالمايدىغانلىقىنى ۋە بولماسلىقى كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىپ يەتتى. ئۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن «مەڭگۈلۈك سەۋدا»نىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن چۈشەنگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بۇنداق ۋاقىتلىق ئايرىلىشلارغا بەك پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ئۇ بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدىغان يالغۇزلۇقنىمۇ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى پۈتۈن روھى بىلەن قوبۇل قىلالىغانىدى. ئۇ ھەم ئېرىغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىن كېيىن كېلىدىغان ھەقىقىي سائادەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. بۇنىڭلىق بىلەن فارابىينىڭ بۇ سەپىرى بىر ۋەيرانچىلىق ھالىغا ئايلانماستىن روياپقا چىقاتتى.

# توختاۋسىز ئۆگىنىش

يۇقىرىدا فارابىينىڭ ئەرەبچىنى قانچىلىك مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ باغداتقا كېلىشى بىلەنلا تونجى قىلغان ئىشى يەنە ئەرەب تىلى بىلەن ھەپىلىشىش بولدى. بۇ ئۇنىڭ تىنىماي ئۆگىنىش ئىشتىياقىدا پۇچىلانغانلىقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان باشقا بىر نامايەندىدۇر. ئۇ مۇكەممەل دەرىجىدە ئوقۇپ - يازالايدىغان ئەرەب تىلىنىڭ چوقۇم ئۆزى بىلمەي قالغان باشقا بىر تەرەپلىرى بارلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە بۇ ئاشىنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىبنى سەرراجدىن گراماتىكا دەرسى ئېلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ بۇ داڭلىق ئالىمغا مەنتىق ئىلمىنى ئۆگەتتى. كېيىنكى ئەۋلادلار تېخىمۇ ئېنىق پەرق ئېتىپ چۈشىنەلەيدىغان باشقا بىر ھەيران قالارلىق نۇقتا، فارابىي ئەرەب تىلىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەرس ئالغان بۇ ئۇستازىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىدى. چۈنكى ئىبنى سەرراج ئەرەب گراماتىكىسى ساھەسىدە يازغان داڭلىق كىتابى «ئۇسۇل»نى تامامەن لوگىكا ئاتالغۇلىرى بىلەن تولدۇرغان. ئەلۋەتتە، بۇنى فارابىينىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن باشقا نەرسە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھەتتاكى، بۇ داڭلىق ئالىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان رۇممانىيمۇ گراماتىكا ھەققىدە يازغان كىتابلىرىدا ئوخشاش يولنى تۇتۇپ ماڭغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە فارابىينىڭ بۇ ۋە بۇنىڭغا

ئوخشىغان تېمىلاردىكى تەسىرى ئىبنى سەرراجنىڭ رومىمانىيدىن كېيىنكى شاگىرتلىرىدىمۇ داۋاملاشقان.

سىياسەتچىلەردىن باشقا زامانىسىنىڭ داڭلىق ئالىملىرى بىلەن باغداتتا تونۇشقان فارابىينىڭ ئەتراپىدا، ئەمدىلىكتە غايەت زور بىر مەستانىلەر توپى مەيدانغا كېلىۋاتاتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ بىلىمى ۋە زېھنىگە ھەۋەستە قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوقۇشنى باشلىغان تۇنجى كۈنىدىكى ساپ ھاياجىنى بىلەن دەرس ئېلىشنى داۋام قىلماقتا، ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى بولغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلىقنى تاشلىمايۋاتاتتى. فارابىينىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى جەريانىدا دەرس ئالغان ئالىملارنىڭ بىرى يۇھەننا ئىبنى ھەيلان بولۇپ، ئۇ زامانىسىدىكى قەدىمكى پەلسەپىنى ئەڭ ياخشى بىلگەن مۇتەپەككۇرلاردىن بىرى بولغان يۇھەننادىن ئارىستوتېل لوگىكىسىنى ئوقۇغانىدى. لېكىن بۇ دەرس ئوقۇغۇچى - ئۇستاز مۇناسىۋىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىككى ئالىمنىڭ ئورتاق تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشى شەكلىدە بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ ھەقىقەتنى فارابىينىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىكى ھۆججەتلەر يارقىن شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويماقتا.

غۇربەتتىكى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا فارابىينىڭ ماددىي ئەھۋالى بەك ياخشى ئەمەس ئىدى. دائىم كىيىپ يۈرگەن مەھەللىۋى قىياپىتى بىلەن خىلاپەت مەركىزىدە ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. سىياسىي ئەربابلارغا بەك ئېتىبار قىلمىغاچقا ھېچقانداق

بىر ئېھسانغا نائىل بولالمىغانلىقى ھەم ئۇنىڭ مىزاجىمۇ ئۇنداق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر ئەمەس ئىدى. ئەمما قېيىنچىلىقلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەھمىيەتسىز تەپسىلاتلىرىدىن باشقا بىر ئەر مەنا بەرمەيتتى. ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەڭ كىچىك بىر راھەت - پاراغەتكە ئېھتىياجى بولمىغانلىقى ئەمەلىيەت ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى ئوقۇش - ئۆگىنىش ئۈچۈن. بولۇپمۇ يېزىش ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى كەچلىكلىرى ئوقۇش - يېزىش چىراق مەسىلىسى تۈپەيلى تولىمۇ قېيىنچىلىققا ئۇچرايتتى. بۇ سەۋەبتىن ھەركۈنى كەچتە كوچىغا چىقىپ، باغداتتا كۆزەتچىلەر ئۈچۈن يېقىلغان پەنەر (مەشئەل)لەرنىڭ يورۇقىدا تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئوقۇيتتى، ئوقۇيتتى، ئوقۇيتتى...

ئەمدىلىكتە فارابىي ئەپسانىۋىلىشىشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەرەبچە، پارسچە، قەدىمكى يۇنانچە قاتارلىق تىللار بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇنلىغان مەھەللىۋى شېۋىلەرنى بىلىشى قىسقا ۋاقىتتا ئەتراپتا بۈيۈك بىر مۇبالىغە چەمبىرى ھاسىل قىلغانىدى. كېيىنكى يىللاردا بولسا بۇ ھالەت ئەقىلدىن ھالقىغان بىر دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ 70 خىل تىل بىلىدىغانلىقى يېزىلىپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا يەتكۈزۈلگەن. ھالبۇكى، ئەرەبلەر ئارىسىدىكى كۆپلۈك ئۈچۈن كىنايە ئورنىدا قوللىنىلغان 70 دېگەن ئىبارە مۇشۇنداق بىر مۇبالىغىگە يول ئاچقانىدى. ئېھتىمال فارابىينى تونۇيدىغان بىر كىشى ئۇ ھەقتە سۆزلەپ، ئۇنىڭ بىلىدىغان تىللىرىنىڭ كۆپلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قالۇن مەيدانغا كەلمەكتە

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇزۇنراق داۋاملاشقان يۇرتقا قايتىش دەم ئېلىشلىرىدا، فارابىي يەنە تاغلاردا ۋە يايلاقلاردا ئارام ئالغاچ تەبىئەتنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چىققان مۇزىكىلىرى بىلەن كۆڭلىنى ئارام ئالدۇرغانلىرىدا، كۆڭلىدىكىلەرنى ئىپادىلەشتە ئۇد (باربىت)نىڭ يېتەرسىز قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ گۈزەل چالغۇ ئەسۋابىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما كۆڭلىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى باشقا بىر خىل ئاۋاز - مۇزىكىلار ئۇنى يېڭى بىر چالغۇ ئەسۋابى ئىجاد قىلىشقا ئۈندەپ بېسىم قىلىۋاتاتتى. بۇنداق بىر خاھىشنى كاللىسىغا ئولتۇرغۇزۇش باشتا سەل قىيىن كېلەتتى، چۈنكى ئەقلى ئۇنىڭغا تېزرەك باغداتقا قايتىپ يېرىم قالغان ئەسەرلىرىنى تولۇقلاش بۇيرۇقىنى بېرىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ بۇ ئېتىرازغا قارشى، باغدادتىمۇ مۇزىكىدا يېڭى بىر قانۇنلارنى تەقەززا قىلىدىغان سىستېما ۋە يېڭى بىر چالغۇلارغا ئېھتىياج بار، دېگەننى چىڭ تۇتۇپ تىركىشىۋاتاتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز - ئۆزىگە «بۇنداق بىر چالغۇنى پەقەت سەن مەيدانغا كەلتۈرەلەيسەن» دەپ پىچىرلاپ، تەتىلىنى ئۇزارتىشقا قارار بەردى. ئەمدى ئۇنىڭ قارارى كەسكىن، ھېچقانداق نەرسە بۇ ئىستىكىنى ئاخىرىغا چىقارغۇچە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالمايتتى. خىيالىدىكى ئاۋازلارنى چىقىرالايدىغان چالغۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى بىر مۇددەت ئويلانغاندىن كېيىن

ئىپادىلەش ئۈچۈن «70 تىل بىلىدۇ» دېگەن ئىپادىنى قوللانغان ۋە كېيىنچە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەيرانلىق تولغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى بۇ مۇبالىغە ئىپادىسىنىڭ ھەقىقەت بولۇپ قوبۇل قىلىنىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولغان.

بۇ ئارىدا فارابىي ھەررانغا ئىلىم ساياھىتى ئېلىپ باردى. ۋەسىجدە يۈز بەرگەن شامال ۋەقەسىدىن كېيىن كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىغان پەلسەپىگە باغداتتىكى چاغلىرىدا قايتىدىن ئىشتىياق باغلاشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان سابىئىيلەرنىڭ مەركىزى بولغان ھەرراندا بىر مۇددەت تۇرۇپ، ئۆگىنىشلىرىنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇردى. ئۇ بۇ شەھەردە باغداتقان قايتقىچە بولغان ئارىلىقتا خېلى ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى يازدى ۋە يېزىپ بولغانلىرىغا قايتىدىن قاراپ چىقتى.

بۇ چاغدا بالا - چاقىلىرىنى شۇنچە سېغىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە ئېشىنالمىدى، پەقەتلا ئارىلاپ بېرىپ ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىپ تۇردى. بەزىدە ۋەسىجدە بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ئېغىر ئىلمىي خىزمىتىدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ، بەدەن ۋە مېڭە ساغلاملىقىنى قوغدىغانلىقى ھېسابلىناتتى.

ئۇنى ياساش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە مانا ئەمدى قىلىپلاشتۇرۇش باسقۇچىغا كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆز (بارىبىت)نى يېڭىدىن ياسىغاندەكمۇ ياكى بېكىتكەندەكمۇ بەكرەك ئىنچىكە ۋە تېخىمۇ بەك جاپالىق ئىشلەش ئىچىدە نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن بۇ ئىشنى تاماملاشتۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن روھىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى - يېڭى تالاش - تارتىشلار سەۋەبىدىن ئۆز - ئۆزىدىن «ئەمدىلىكتە ساڭا قىرىلىق يەتتىمۇ؟» دەپ سوراشقا باشلىدى. 40 ياشتىن ھالقىغان ۋەسجىلىك بۇ تالانت ئىگىسى ھېچ بىر ئىشتىن بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئىسلام دۇنياسىدا چوڭقۇرلاشقان سىياسىي پىتنە ۋە دولقۇنلار ھاسىل قىلغان ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە كۆپۈكلۈكىگە پەلسەپىنىڭ داۋا بولمىغانلىقىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى. ئىسلام دۇنياسىدا، پىكىر - چۈشەنچە ئۆلچىمى ئىچىدە ساناپ تۈگەتكۈسىز پىكىر ۋە ئېتىقاد ئىختىلاپلىرى بار. ئالىملارلا ئەمەس، بەلكى سىياسىيونلارمۇ پىكىرلەرگە، بولۇپمۇ پەلسەپىگە قارىتا مۇھىم بىلمەسلىك پوزىتسىيىسىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. پەلسەپە سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان كىشىلەرگە ئۆز - ئۆزىنى ھېچ ياقتۇرغۇزالمىغانىدى. زامانىسىنىڭ تەسەۋۋۇرپ شەيخلىرى بۇ شۈبھىلىك پەنگە قارىتا قارشىلىقلىرىنى توختىماي داۋاملاشتۇرۇپ، ھېكمەت چېگرىلىرى ئىچىگە پەلسەپىنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.

فارابىي كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقى ۋە ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنالايدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمىشنى خالىمىدى، ئەمما ئۇ بۇ پايدىلىنىشنىڭ ئوخشىمىغان مېڭىلەرنى ئوخشاش ئۇسۇل ۋە ئوخشاش ئاچقۇچ بولغان ئېتىقاد پۈتۈنلۈكىنى چۆرىدىگەن ئاساستا بىرلەشتۈرۈشكە يەتمەيدىغانلىقىنى ئالدىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئىختىلاپلارغا يۈكسەك سەۋىيەدىكى مۇھاكىمە ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق (ماسلاشتۇرۇش) شامىلى پۈۋلەيدىغان قىزغىن ھېسسىياتى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ نە قايتىمىشقا ئالدىرايتتى. نە يېڭى چالغۇسىنى پۈتتۈرۈشكە ئايرىغىنىدىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى يېزىشقا بېرەتتى. ھازىر ئۇ پەقەتلا «ئاللاھنىڭ بىرلىكى» ھەققىدە ئويلايتتى ۋە بۇ ھەقتە بىر ئەسەر يېزىشنىڭ كۆپ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىغانىدى. ئەسلىدە بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆگەنگەنلىرى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ ھېچ شەك يوق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئېلىپ بارغانىدى. شۇ ھەقىقەتكى، فارابىي تۇغۇلغاندىن بۇيان ئىسلامىي مۇھىتتا ياشىغان، مۇكەممەل دىنىي تەربىيە ئالغان بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىك ـ بارلىقىدىن قىلچە شۈبھىدە بولۇپ باقمىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭىيىپ، زىھنىي قۇۋۋىتى ئۆتكۈرلەشكەنسېرى بۇ نۇقتىدا تېخىمۇ ھەيرانلىققا چۆمگەنىدى. مول بىلىمگە ئىگە بولغان بىر ئەقىل قانداقسىگە ئاللاھنىڭ بىرلىك ـ بارلىقىغا تەسلىم بولمايدۇ؟... فارابىي بۇ چۈشەنچە بىلەن بالىلىق مەزگىللىرىدە شېرىك سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەنلەرنى

ھېچ چۈشىنەلمەيتتى، ھەتتا ئاللاھقا شېرىك سۆز قىلغانلارنى ئەڭ ئەقەللىي ئەقىلدىنمۇ مەھرۇم كىشىلەر دەپ قارايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ بىرلىك - بارلىقىنى ئىبتىراپ قىلماسلىق ئۇچۇن ئەخمەق (ساراڭ) بولۇش كېرەك ئىدى. ۋەسىجلىك بۇ ئىتقىدارلىق تالانت ئىگىسى بالا ئەمدىلەتىن قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرىدا بۇ ۋاقىتتا خېلى ئۇزۇن مەزگىل مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەن ۋە شېرىكنىڭ ئەقىل ئىگىسى بىرلىرى ئۇچۇن ئىمكانسىز بىر ئىش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ئەمما ئۆزىنى ئەقىل ئىگىسى ۋە ھەتتا ئالىم ھېسابلىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھقا ئوچۇقتىن - ئوچۇق شېرىك كەلتۈرەتتى. بۇ ئىش تونۇگۇن شۇنداق بولغان بولسا، بۈگۈن ھەم ئۆزگەرگىنى يوق. ئەڭ ئېغىر بولغىنى، ئۇزۇن مۇددەت تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ بىر - يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئېيتىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇراتتى. فارابىي بۇنداق كىشىلەر بىلەن ھەرران ۋە باغداتتا خېلى كۆپ ئۇچراشتى. نۇرغۇنلىغان بىلىملىك ئۆتكەن كىشىلەر زۇلمەتكە تولغان چۈشەنچە - تەپەككۇرلىرى بىلەن شېرىككە چۈشۈپ قالاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك چۈشەنچىلىرىنى شەكلىي جەھەتتىن چۈشىنىۋېلىپ، يا باشقىلارنى شېرىك بىلەن تۆھمەت قىلاتتى ياكى باشقىلار ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغان پىكىرلەرنىڭ پوستىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۆزى شېرىككە چۈشۈپ قالاتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللاھنىڭ بىرلىك - بارلىقىنى بىلىشنىڭ ئەقىل ئۇچۇن مۇتلەق قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغان

نۇقتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە ۋە بۇنىڭغا قارشى كەلگۈچىلەرنىڭ قاراشلىرىنىڭ نەقەدەر ئاجىز، خاتا قاراش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. «ۋەھدەت» (ئاللاھنىڭ بىرلىكى) دېگەن تېما ھەققىدە ئىزدىنىشتە ھازىرغا قەدەر زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن فارابىي. ئەمدىلىكتە بۇ چۈشەنچىلەرنى كۆڭۈل سۆزگۈچىدىنمۇ بىر ئۆتكۈزۈشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ بەك ئالدىرىمىدى، ۋەسىجگە قايتقان ئىككىنچى ئېيىدىن ئېتىبارەن «قالۇن» دەپ نام بېرىلگەن چالغۇسى خېلى ئوبدانلا شەكىللەنگە كىرىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ قايتىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ «ۋەھدەت»كە مۇناسىۋەتلىك بۈيۈك ئەسىرىنى ئاستا - ئاستا يېزىشقا باشلىدى. ئۇ ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن چالغۇ ياساشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى پاراللېل ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما كۆپرەك ۋاقتىنى «قالۇن»غا بېرىۋاتاتتى. بۇخىل ئىشلەش ئۇسۇلىنى ھاياتىنىڭ بۇ مەزگىلىدىكى ئۆزىنى ئەڭ خۇش قىلغان بىر يېڭى ئىجادىيەت دەپ قارايتتى. بىرسىنى قىلىپ چارچىغىنىدا، يەنە بىر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ئارام ئالاتتى، بۇنىڭلىق بىلەن ھەم داۋاملىق ئىشلىگەن ھەم داۋاملىق ئارام ئالغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## «ئەجەبا»لىرىمۇ كەم ئەمەس

فارابىي «ۋەھدەت» ھەققىدىكى ئەسىرىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىگە قاراپ تۇرۇپ يېتىلدۇرگەن تەجرىبىسىدىن ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم قالدۇرغان ئىلمىي خىزمەتلىرىگە قارىغىنىدا ئۆز ـ ئۆزىگە:

«بەلكىم بىر تۈركۈم كىشىلەرنى چۈشەنچە ۋە ئىلمىي خاتالىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق... ئەمما ئىستىقامەتتە (نىشان يۆنىلىشلىرىدە) خاتالىقلىرى بولغانلارغا قانداق پايدا بېرەلىدۇق؟ بېرەلەمدۇق؟ ئەگەر خالىسام بۇنىڭدىن كېيىن پايدا بېرەلەرمەنمۇ؟ قانداق بېرەلەرمەن؟ ھاياتنىڭ ئەسلى سوئالى بۇ ئەمەسمۇ؟...» دەپ سوئال قوياتتى.

بىر كۈنى فارابىي باغداتتا ئۆزى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان كەمتەر، بىلىملىك بىر دوستى بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، يەنە شۇ ئىستىقامەتتە توغرا يولنى كۆرستىش ھەققىدە سۆز ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزى ۋە زاماندىش ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى خىزمەتلىرىنىڭ ناھايىتى كەمچىلىك بولغانلىقى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ مۇنداق دېدى: «زېھنىمىزنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، بىر نەرسىلەرنى تېز ئۆگىنىش قابىلىيىتىمىز بىلەن بىرلىكتە، ئېچىمىزگە چۈشكەن بىلىم ئاشنىالىقى بىزنى بىلىپ ـ بىلمەي كىتاب ۋە ئۇستازلاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ماڭغان، تاللىغان يوللىرىنى كۆرمەس قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

قارىماققا قىزىقىشىمىزنى قاندۇرۇش، پىكرى جەھەتتىكى شۇبھىلىرىمىزنى يېشىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمىز. ئەمما ھەممىمىز، بارلىق پەلسەپە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلار ئۆزىمىز كەسكىن بىر قانائەتكە يەتمەي تۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ باشقىلارغا ئۆگىتىشكە ئۇرۇنىۋاتىمىز، بەلكى بىز بۇ ھالغا مەجبۇر بولۇپ قالدۇق دەيدىغانلارمۇ چىقار، توغرا تولۇق بىر قانائەتكە كەلمەي تۇرۇپ ھېچكىم ھېچكىمگە بىر نەرسە ئۆگەتمىسە، ھېچكىم بىر نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ. تولۇق بىر قانائەتكە يېتىش ئۈچۈن، بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى، ھەر نەرسىنى بىلىش شەرت بولىدۇ. شۇنداق، ھەر نەرسىنى... ياق، ياق، ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ھەر نەرسىنى پەقەتلا بىر ئاللاھ بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ خالاپ - خالىماي يېرىم - ياتا ئىلمىمىز بىلەن ھۆكۈم چىقىرىمىز. بىزمۇ ئۆزىمىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاشلا مۇشۇ ئەھۋالنى تەكرارلىدۇق... ئەمما ئىنسان شۇنداق بىر يەرگە كېلىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنىڭ كۆپلىكىنى، ھەمدە كىشىنى ھەيرەتكە چۆمدۇرگۇدەك دەرىجىدە كۆپلۈكىنى بىلگىنىدە كەمتەرلىشىشكە باشلايدۇ. ئەتراپقا قارايدۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭدەك كۆپ خىل تېمىلاردا مول بىلىمگە ئىگە ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ سېلىشتۇرۇشلار ئۇنى ياشلىقىدىكى قەدەر ئۆز مەپتۇنلۇققا ئېلىپ بارالمايدۇ. چەكسىزلىككە ۋە چەكسىز قۇدرەت ساھىبىغا قارشى، قەدەرنىڭ ئەقىل ھالقىغان تەجەللىلىرىگە قارشى ھەر نەرسىنىڭ ھۆكۈمسىزلىكىنى ئىنسان پەقەت 40 ياشتىن ھالقىغىنىدا يېتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇۋۋەت بىلەن چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان بىر لۇتفى - ئېھسانىدۇر. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ داۋاملىق ئىزدىنىشى، مۇھاكىمە - مۇلاھىزىلەر بىلەن كاللىسىنى مەشغۇل قىلىشى لازىم... ئەلۋەتتە، بۇنداق كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقاتلار مۇتلەق ھەقىقەت ئىزدەشتىن ۋە ھەر بىلىمنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ ئىزدەش خىيالىدىن تېخىمۇ تېز ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك نەتىجە بېرىدۇ. قىسقىسى، مەسىلىگە ئالدى بىلەن يۈنىلىش (ئىستىقامەت) جەھەتتىن قاراپ چىقىش كېرەك. بۇ بىلىملەر بىزگە توغرا يولنى بېرەلەمدۇ؟ ئازغۇن يولدىكىلەرگە جىددى بىر شەكىلدە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ھەقىقەت تارازىسىدا تارتىشقا ئېلىپ بارالامدۇ؟ زېھنىنىڭ ئۆزۈۋېلىنى تەشكىل قىلغان نەرسىلەر ئىنساننى «سىراتەل مۇستەقىم»(توغرا يول)دا داۋاملىق ماڭدۇرۇشقا يارىمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا كېرەكلىك ۋە قىممەتلىكتۇر. ئەگەر پۈتۈن مەسىلە پەقەتلا بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش بولسا ئىدى، بىلىمنىڭ ھەر تۈرلۈكىدە توختىماي ئىزدىنىشنىڭ لەززىتىنى ھېچ ئىنكار قىلمايتتىم. ھالبۇكى، زامان تەرەققىي قىلماقتا، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىمىز دۇنيانى ھېچ ئۆزگەرتەلمەيۋاتىدۇ، ئۇزۇن مۇددەتتە بولسىمۇ چوڭ - چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا دائىر ئىشەنچىمىزنى كۈچلەندۈرەلمەيۋاتىدۇ... ئەھۋال بۇ ئىكەن نېمىشقا كۆڭۈل ھوزۇرىمىزنى قاچۇرىمىز. ھېچ شۈبھىسىزكى، ھۆر چۈشەنچىلەر بىلەن كەلگەن نۇرغۇن بىز خالىغان ياكى خالىمىغان سوئاللار قەلبىمىزنى

چارچىتىدۇ. بەلكى ئىستىقامەت (توغرا يول) ھەققىدە بىرگە ھېچبىر پايدىسى بولمىغان بىلىملەر يۈزىدىن پالاكەتكە قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ھاسىل كالام دوستۇم. مەن ئەمدى دۇنيادىن ئاچقۇچلۇق ھەقىقەت ئىزدەشتىن زېرىكتىم. ئەگەر بار بولسا، ئۇ مەنىۋى ئىلىملەردە بولۇشى كېرەك...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەسەر مەيدانىغا چىقماقتا

فارابىي ھەم كۆڭۈل ئېچىش ھەمدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلغان چالغۇسىنى ئالتە ئاي ئەتراپىدىكى بىر ۋاقىتتا پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ يەنە باغداتقا قايتتى، ئەمما بۇرۇنقىدەك بۈيۈك خىياللارنى - پىلانلارنى تۈزمىدى. باغدادتا ئۇزۇن تۇرۇش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپىدىن كۆتكەنلىرى ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىنكار قىلمايتتى. ھەتتاكى بۇ ئىككىسىنى ئايرىماي: «كېلەچەكتە بۇ ئىككىسى بۈگۈنكىدىنمۇ بەك ئىشقا يارايدۇ» دەيتتى.

باغداتقا كەلگەندىن كېيىن بىرىشنى نىيەت قىلغان ھەلەپ، شام، ئىسكەندەرىيە ۋە قاھىرەگە ئوخشىغان مەركەزلەردە ئۆزىنى يەنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان كىتابلارنىڭ ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىمايتتى. توغرىسى، ئىچ - ئىچىدىن مۇشۇنداق بىر ئۈمىدى بار ئىدى. فارابىينىڭ ھاياتى بويىچە ياشىغان بۇ ئۆزگىچە يالغۇزلۇقىنىڭ بۇ تەرىپى 40 ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز تالانتىدىن زېرىكىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. كېزىپ سەپەر قىلغان بۇنچە يەرلەردە شەخسىيەت جەھەتتىن ئۆزىدىن ئۈستۈنلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدىكىلەرنىمۇ تاپالمايتتى. ئۆزى دەرس ئالغان بىرمۇنچە ئۇستازلار

ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشمۇاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زامانغىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر توپلانغان بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا ھېچكىم تېخى ئۇلارنى مەسىلە دەپ قارىمىغانىدى. فارابىي مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئىگىسىز مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۇتۇنغان تۇنجى كىشىسى بولۇشتىن ئىبارەت بىئارام قىلغۇچى بۇ يالغۇزلۇق ئىچىدە ئاستا - ئاستا خىزمەت ئىشەنچىنى ۋە قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولاتتى. يۈكسەك تەپەككۇرنى شەرت قىلغان ئاساستا ئۆزئارا سۆھبەت ۋە مۇڭداشقۇدەك بىرەرنى تاپالماسلىقى ھېچقاچان ئۇنى ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان ئۆز مەپتۇنلۇق باھانىسىنى تەشكىل قىلالمايتتى. ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان سوغۇق تەكەببۇرلۇققا مۇپتىلا بولۇپ، باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشتىن يىراق تۇرمىدى، ئەكسىچە ھەربىر ئالىم ۋە پەيلاسوپلارنى سائەتلەپ ھەتتا كۈن - كۈنلەپ تىڭشىدى. سۆز قىلىش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگىنىدە، ياشلىق چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىخچام ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بىر قانچە جۈملە بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. بۇ ھەرگىز كىبىرلىكتىن ئەمەس، بەلكى قىسقا سۆز بىلەن مەقسەتنى تولۇق ئۇقتۇرالىغىنىدىن ئىدى. ئەسلىدە بۇ كەمتەرلىك چېگرىسىدىن ھالقىغانلىقمۇ ئەمەس، بەلكى ئاڭلىغۇچى تەرەپكە بولغان نازۇك ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. فارابىي باشقىلار بىلىدىغان تېمىلار ھەققىدە سۆزنى ئۇزارتىشتىن ۋە ئۇ خۇسۇسلار ھەققىدە ھۆكۈم كېسىشتىن ھايا قىلاتتى. ئۇنىڭغا كۆرە بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىگە زۆرۈر بولغان بۇ ھايا بارلىق ئورۇنسىز سۆز ۋە كېرەكسىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يازمىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ۋاقىت - زېھىن تېجىگۈچى ياخشى قورال ھېسابلىناتتى.

فارابىي: قارشى تەرەپ بىلگەن نەرسىنى بىلمىگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ سۆزلەۋېرىشنى مەقسەتسىز ھاقارەت دەپ قاراش كېرەك، دەيتتى. بۇ سەۋەبتىن كۆرۈشۈپ - پاراڭلاشقان كىشىلەرگە بولغان ھۆرمىتى ئۇلارنى كۆپ نەرسە بىلىدىغان كىشىلەر دەپ قاراشنى تەقەززا قىلاتتى. مانا بۇلار فارابىينىڭ كەم سۆز ۋە ئىچ مىجەز بولۇشىنىڭ، بەزىدە تېخى كىبىر بىلەن ئىزاھ قىلىنغان يالغۇزلۇقىنىڭ سەۋەبى، ئەسلىدە ئۇ پاك قەلب ۋە چوڭقۇر پىكىر ساھىبى ئىدى.

# دۇشمەنمۇ غەلىبە قىلدۇ

گەرچە فارابىي شۇنداق يۇكسەك ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بىر ئالىم، ھېچكىمگە ئازار بەرمەسلىك ئۇچۇن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما باغداتقا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىدە بەزى دۇشمەنلەرنىڭ غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئاساسلىق كۆرۈنەرلىك سەۋەبى ئۇنىڭ يازغان پەلسەپىۋى خاراكتېردىكى ئەسەرلىرى ئىدى. ئۇ ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېل ئارىسىدىكى پەرقنى ھەل قىلىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدەك، قەدىمكى پەلسەپە بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئېتىقادىنى ماسلاشتۇرۇشقىمۇ تىرىشقانىدى. گەرچە فارابىي قەلەمگە ئالغان بۇ پىكىرلەر ئىنتايىن ئۇستۇن ئەقىل ۋە مول بىلىملەرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بەزىدە ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئېتىقادى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالاتتى. بەزى يەرلەردە خاتامۇ چۈشىنىلدى. ئىخچام يېزىش، ئەڭ كىچىك بىھۇدىچىلىككىمۇ كىرمەسلىكنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلىپ يېزىشى: نورمالدا ئۇنى چۈشىنىشتە قىينىلىدىغان ئادەتتىكى ئىنسانلار ۋە ھەتتاكى بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭمۇ خاتا چۈشىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. نەتىجىدە، فارابىي ئىسلام تەپەككۇرى - چۈشەنچىسى جەھەتتە ئىككىلىنىپ قالغان كىشى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فارابىي بۇ قېتىمقى باغداد سەپىرىدە ئىلگىرى ئۆزى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇچراشماسلىق ئۈچۈن ھەرخىل باھانىلەر ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدى. بۇ ئەھۋاللار ئۇنىڭغا بەك ياتمۇ تۇيۇلمىدى. كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بۇ ئەھۋال يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئۈمىد بېرىۋاتاتتى. دېمەككى، ئەسەرلىرى ئىنكاس قوزغاشقا باشلىغانىدى. ھېچ بولمىغاندا بۇمۇ بىر ياخشى بېشارەت ھېسابلىناتتى. بۈگۈن بولمىسا ئەتە بۇ ئەسەرلەر قوزغىغان بەس - مۇنازىرىلەر پەلسەپىنىڭ ئىسلام دۇنياسى ئىچىدە كېڭىيىشىگە يول ئېچىشى مۇمكىن. ئەمدىلىكتە ئۇ قەتئىي بىر قۇتقۇزغۇچى دەپ قارىمىغان پەلسەپىنى بۈيۈك مەدەنىيەت ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مېڭە ھەرىكىتى دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ھالى بىلەن نە پەلسەپىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئاقلىغۇچى، نە «ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ» دەپ قارايدىغان پەلسەپە دۈشمىنى ھېسابلانمايتتى.

فارابىي ئەمدى سەھرالىق بىر ئالىملا ئەمەس، بۈيۈك شەھەرلەرنىڭ ۋە بۈيەردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ، ھەتتاكى ئالىملارنىڭمۇ مەنپەئەت (مەنسەپ) ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى سەۋەبلىك غەلىتە قالايمىقانچىلىقتا دۇچار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە يىرگەنگەن بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خالاپ - خالىماي كۆنۈشكە باشلىدى. ۋەسىجدىكى چاغلىرىدا ئاڭلىسىمۇ ئىشەنمەيدىغان، ئىشەنسىمۇ ئۇنى مۇسۇلمانغا ھېچ

ياراشتۇرالمايدىغان ئەھۋاللار ئەمدى ئۇنىڭغا بەكمۇ يات ئەمەس ئىدى. بۇ سەلبىي تەرەققىياتلار ئالدىدا ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇيغۇسىز قىياپەتكە كىرىۋالالمايتتى، شۇنىڭدەك بىئارام بولۇپ ئاھ ئۇرۇش بىلەنلا ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە بۈيۈك ئاباسىي ئىمپىراتورلىقى چۆكۈش سەھنىسىگە كىرىپ، ۋەيران بولۇش سانجىقىنى ھازىردىن باشلاپ ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. سۈرلۈك ۋە ساپ ھەيۋەت ئورنىنى ھەقىقەتنى ۋە ئەسلى مۇھىم بولغان ئىشلارنى پەردىلىگۈچى ئايرىمچىلىق ۋە ئۇششاق مۇنازىرىلەر ئالغانىدى. ئۆزىنىڭ شانلىق سەلتەنىتىنى مۇشۇنداق ۋەيرانچىلىققا قويغان بىر جەمئىيەتتە ئۆلىمالارنىڭ ئاددى قايغۇلارغا چۆمۈشى فارابىينى بىئارام قىلسىمۇ، ئەمما نورمال ھادىسىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. جىھاد روھىنىڭ ئورنىنى شەھەر ھاياتى، كىچىك مەنپەئەت ۋە ئويۇن - تاماشىلار ئالغان، ھەركىم ھەر كۈنى بىر يېڭىلىققا يولۇقۇپ تۇراتتى. بۇ ئارىدا فارابىينىڭ ھەققىدە ھەرخىل گەپ - سۆزلەرنى قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغانىدى. گەرچە ئۇلارغا بەك پەرۋا قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز تەبىئىتى بويىچە دەۋرىنىڭ بەزى سىياسىي رەھبەرلىرىگە يېقىنلىقى بىلەن تونۇلغان كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پىتنىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توغرا چۈشىنىشكە ئەقلىي - ئىلمىي قۇۋۋىتى يەتمەيدىغان كىشىلەرنى بىر بۆلۈك پىتنىخورلارنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئانچە تەس ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەقەتلا ئۇنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى فارابىي ئۆزىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ھاياتىغا قەست قىلىنىشى مۇمكىن، ھەتتا قورقۇنچلۇق ئەيىبلەشلەر بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ كاللىسىدا مەڭگۈ لەنەتكە ئۇچرايدىغان بىر ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

# ئاقىلغۇچىلار

بىر - بىرىنى يەۋەتكۈدەك دەرىجىدە ۋەھشىيلەشكەن بايلىق ۋە مەنپەئەت ئوۋچىلىرى توپلاشقان ئۇ كۈنكى باغداتتا، شۈبھىسىزكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. فارابىينىڭ فىزىكا، مۇزىكا، پەلسەپە، خىمىيە، ئەقىل، مەنتىق ۋە ماتېماتىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىغا دىققەتنى تارتىپ، ئۇنى سەممىي شەكىلدە ئاقلاپ كېلىۋاتقان بىرقانچە ئىلىم ئەھلى بار ئىدى. ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن فارابىينىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھەقسىزلىق بولىدىغانلىقىنى ھەر ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئالدىدىمۇ سۆزلەيتتى. بۇنىڭغا قارشى پىكىردىكىلەر ھەممىشە ۋەزىر ۋە خەلىپىنىڭ يېقىنلىرى ئالدىدا فارابىينى ئەيىبلىمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ھەققىدە ئىغۋاگەرچىلىك قىلاتتى. گەرچە بۇ خىل كۆپ سانلىق پىتنىخورلار ھەقىقەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ، تەسىر كۆرسەتەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان: فارابىينىڭ بۇرۇنقى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بىرئاز تۇمانلار قاپلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىزمىتىنى توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇردى. ئۇ يەنە كېچىلىرى شەھەر بەكچىلىرى ئۈچۈن ياندۇرۇلغان پەنەر (مەشئەل) يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ، كۈندۈزلىرى شەھەر سىرتىغا چىقىپ گاھ تەپەككۇرغا

www.uyghurkitap.com

غەرق بولسا، گاھ قالۇن چېلىپ كۆڭۈل ئاۋازلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارغا قارشى ئىچىدە پەيدا بولۇۋاتقان زېرىكىش تۇيغۇلىرىنى يېڭىشكە ئۇرۇناتتى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۇ مۇزىكا بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك ھەپىلىشىشكە باشلىغانىدى، يېڭى - يېڭى مۇزىكىلار ئىجاد قىلىپ، ئۇنى ئادەتتىكى دەپتەرلىرىگە ئاددىيلا شەكىلدە خاتىرىلەپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە ئالىمنىڭ بۇ ئادەتتى بىلەن خاتىرىلەنگەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى ساقلاپ قېلىنمىغان. فارابىينىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى مول زوقىدىن ئاپىرىدە بولغان ئەسەرلىرى شۇ دەۋرىدىلا سۇسلاپ يوقاپ كېتەتتى. بەلكىم ئۇ يازغان نۇرغۇن كۈيلەر ئۇنى قولغا چۈشۈرگەنلەر تەرىپىدىن ئالقىشلانغان، بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرى ئارىسىدا ئەسىرلەر بويى ياشىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مۇشۇنداق چوڭقۇر ۋە پارلاق ئەقىلدىن چىققان ئەسەرلەر ئۇ دەۋردە بۈيۈك بىر ئىنقىلاب قوزغىغانىدى. شۇ ۋاقىتقىچە، مۇزىكا پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ساھەلىرىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقىنى قوزغايدىغان ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ فارابىينىڭ قولىدا چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىپادىلەش ۋاستىسى ھالىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ مۇزىكىغا يۈكسەك سەنئەت تەرەققىياتى قوشقان دۇنيادىكى تۇنجى تالانت ئىگىسىدۇر.

يىللار بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتمەكتە، فارابىيمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ ۋەسىجگە بېرىپ - كېلىپ تۇردى.

روھىدا جۇش ئۇرغۇۋاتقان بۇرۇقتۇرمىلىقتا قارىماي قايتىدىن باغداتقا كېلىشىدە تەسەۋۋۇپ ھاياجانى ئېغىر رىراق ئورۇندا تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپىلەردىن بەك كۆپ ئۇمىدى قالمىغانىدى. بۇ پەنلەرنىڭ ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنى ئۆزگەرتىش ۋە تۈزەشكە ياردىمى بارلىقىنى ھېچ ئىنكار قىلمايتتى، ئەمما ئەسلى ئېھتىياجى بولغان مەنىۋى ھوزۇرنى باشقا يوللاردىن ئىزدىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋاتاتتى. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەقىل قىلىچى بىلەن زامانىسىدىكى بىلىم ساھەلىرىنى ئىستېلا قىلىپ ھەقىقەت خەزىنىسىنى قولىغا ئالغان بۇ بۈيۈك ئىلىم ۋە تەپەككۇر جاھانگىرى ئەمدىلىكتە ئىشق ئىزدىمەكتە ئىدى، گەرچە ئۇ ئىسمىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئىنتىزار بولغان نەرسىنىڭ ئىشق ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتاتتى.

غەلىتە بولغىنى شۇكى، كونا چۈشەنچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىغان بۇ يىللاردا، شۇ چۈشەنچىلەرنى باھانە قىلىپ پىتنە چىقىرىشقانلار تېخى تۈگىمىگەنىدى. گەرچە فارابىيغا بىۋاستە يامانلىق كەلسۇن، دەپ ھەپىلىشىۋاتقانلار بەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئىلىم ۋە تەپەككۇرنى تەرك قىلغان بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلەردە مەسئۇلىيەتسىزچە سۆزلەپ يۈرگەن سۆزلىرى بۇ تالانت ئىگىسى ئالىم ھەققىدە يالغان - خاتا كۆز قاراشلارنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتاتتى. يوللاردا ئالدىنى توسۇپ: «سەن پالانى تېما ھەققىدە مۇنداق - مۇنداق سۆزلەرنى دەپسەن،

بۇ شەرىئەت ۋە قۇرئانغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىغان موللىلارغىمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇ بۇلاردىن شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، پەقەت قۇرۇق گەپ ئورنىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خالىغانچە بۇرمىلىغانلار بولغىنىغا ئوخشاش، ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەنلەرمۇ يامان نىيەتلىك تەشۋىقاتلارغا ۋاستە بولۇۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپقانلار ئارىسىدىمۇ ياخشى نىيەتتە بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىنى راستىنلا ئىسلامغا زىت دەپ قاراپ قارشى چىققانلارمۇ بار ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن سەمىمي ھۆرمەتتە بولغان بىر ئالىم كىشى ئۇنىڭغا شۇنداق تەكلىپ بەردى:

— ئەي ئەبۇ نەسر فارابىي، سەن نېمىشقا بۇنداق ئۆزۈڭنى ئاقلاشقا ئۇرۇنماي سۈكۈتتە تۇرىسەن؟ سېنىڭ ھەققىڭدە ۋەزىرگە ۋە ھەتتا خەلىپىگە قەدەر ھەرخىل تۆھمەتلەر بېرىۋاتىدۇ، سەن يەنىلا بىر ئېغىز گەپ قىلماي، ئۆزۈڭنىڭ ھېچ يامان نىيىتىڭنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئۆزۈڭنى ئاقلاشقا ئۇرۇنمايسەن؟ ئەدەپ چېگرىسى ئىچىدە ئۇلارغا ھەددىنى بىلدۈرۈپ قوي.

— قانداق قىلىمەن، ئەي ھەزرىتىم، زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ نېمە قىلالايمەن؟ ساناپ بولالمىغۇدەك كۆپ ئىنسانلار مېنىڭ ھەققىمدە ھەرخىل سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ، بۇلارنى ئاڭلىغان تېخىمۇ كۆپ كىشى ئۆزلىرى بىلگەن بەزى قاراشلاردا بولىۋاتىدۇ. مەن قانداقمۇ

بۇلارنى بىرمۇ بىر تېپىپ ئۆزۈمنى ئاقلاپ چۈشەندۇرەي؟ نېمىلەرنى قىلغانلىقىم ئوچۇق ئاشكارا. قانداق نىيەتلىك بىرى ئىكەنلىكىمنى ئىش ئەھلىلىرى بىلىشى كېرەك ئىدى، بىلمىسە قانداق قىلاي؟

— بىلىپ - بىلمەي، بەزىلەر پەقەت قىزغانچۇقلۇق، ھەسەتخورلۇقتىن، يەنە بەزىلەر بولسا پەقەتلا تەنبىھ بېرىش شەھۋىتىنىڭ قۇربانى بولۇپلا ساڭا قارشى بىر نەرسىلەر سۆزلىمەكتە. بۇ ھالدا بەزى دۇرۇس ئالىملار سېنى ئاقلاش - قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايۋاتىدۇ. سەن شۇقەدەر يالغۇز ۋە بېكىنىپ ياشاۋاتىسەنكى، بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن سەن بىر چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەمدەك چۈشەنچە بېرىۋاتىسەن. ھالبۇكى، ئارىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ سورۇن - مەجلىسلىرىگە كىرسەڭ، بولۇپ - بولمىغان ئىشلارنى يېقىندىن ئۇلارغا بىر بىلدۈرسەڭ، ئىشىنىمەنكى چوقۇم نۇرغۇن كىشىلەر سېنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. ھەتتا ساڭا قارشى كىشىلەرنىڭمۇ كۆپچىلىكى ساڭا قايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ. دوستلىرىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن كۆپ بولىدۇ. ھازىرقى بۇ ھالىڭ ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنى پەس كۆرگەنلىك مەنىسىنى بېرىدۇ. پىتنىنىڭ ئەڭ باش سەۋەبى بۇ، چۈنكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تۆۋەن كۆرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالسا، قىلالمايدىغان ھېچ ئىشى يوقتۇر.

فارابىي سىياسىيونلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ھوزۇرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغان مەجلىسلەرگە ئېتىبار بەرمىگەنىدى، ھېلىھەم يەنە ئەينى سوغۇق پوزىتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

— دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ھوزۇرىدا قۇرۇلغان مەجلىسلەردە ئالىملارنىڭ بولۇشى نە ئۇ ئالىملارغا، نە دۆلەت رەھبەرلىرىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. دەۋر سىز ئويلىغان ئۇ دەۋر ئەمەس، ھەركىم ئۇنداق سورۇنلاردا بىر - بىرىدىن ئۇستۇن كۆرۈنمەك ئۈچۈن بەلكى تېشىدا سالاپەتلىك، ئېغىر بېسىق، ئەمما ئىچكى دۇنياسىدا ئاجايىپ ۋەھشى ھالدا بەسلىشىۋاتىدۇ، ئۇرۇشىۋاتىدۇ. مەن بۇلارنى پەقەت ياقتۇرمايمەن. توغرىسى، ئالىملارنىڭ بۇ ھالىدىن يىرگىنىمەن.

— ياخشى، ئەبۇ نەسر! سىزنىڭ بارلىقىڭىز ئۇ مەجلىسلەرگە ئەدەپ ۋە سالاپەت بەخش ئېتىدۇ. سەن بولساڭ ھېچكىم - ھېچكىم بىلەن بەسلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. پەقەتلا مۇشۇ تەرەپتىن قارىساقمۇ سىزنىڭ ئۇنداق مەجلىسلەرگە بېرىشىڭىزنىڭ بۈيۈك بىر خەير ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

— ئەكسىچە، ئۇ ئەھۋالدا تېخىمۇ ئازغۇنلۇق قاپلىغان ھەسەت، تېخىمۇ چوڭ پىتنىلەر تۇغۇلماسمۇ؟ ئەگەر مەن راستىنلا سەن دېگەندەك بولسام، ھەسەتنىڭ مەركىزى بولغان بۇ خەتەرلىك نەپسانىيەتچىلەر ئارىسىغا كىرىشىم ئۇيغۇن بولارمۇ؟

فارابىينىڭ دوستى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەي، تەكلىپنى قايتىدىن تېخىمۇ سىيلىقراق بىر شەكىلدە

يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويدى:

— سېنى ھەر ۋاقىت بارغىن دېگىنىم يوق. ئەلۋەتتە... ئارىدا بىر تۇيۇقسىزلا بارغىن. ھېچ بولمىسا دۆلەت ئەربابلىرى سېنى يېقىندىن تونۇسۇن. قاراشلىرىڭنىڭ ھېچقانداق بىر خەتىرى يوق ئىكەنلىكىنى بىلسۇن. ئۇلارغا يېتىپ بارغان ئۇششاق ئۆسەك سۆزلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشلىرى ئۈچۈن ھەم خاراكتېر جەھەتتىن ھەمدە بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن سېنىڭ قايسى بىر سەۋىيەدە ئىكەنلىكىڭنى بىلىشى كېرەك. بۇ ساڭىلا ئەمەس، سېنى دەپ ھەقسىز يەردە گۇناھكار بولغانلارغىمۇ ياخشى بىر يول بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق ئىشلارنى بىر تۈرلۈك كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغان فارابىي ئاخىرى قايىل بولدى. دوستى ئۇنىڭغا ھۆكۈمدارلار مەجلىسىدىن بىرىگە بېرىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلايدىغان بولدى، فارابىيمۇ ھېچ بولمىسا بىر قېتىملىققا ماقۇل بولدى. بۇ كۈن ئەسلىدە، ئىلىم ۋە پىكىر تارىخى ئۈچۈن ساناقلىق مەشھۇر كۈنلەردىن بىرى بولاتتى. پەقەت ئىلگىرىمۇ دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، فارابىينىڭ تالانتىنى زامانداشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانسىز بولغاچقا، بۇ ئۇچرىشىشنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا توغرا بىر شەكىلدە يەتكۈزۈلۈشىنىمۇ توسۇپ قوياتتى.

ئەپسۇسكى، بىر قېتىمغا بولسىمۇ رەسمىي شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇنداق بىر گۈزەل مۇنازىرىلىشىش، تارىخ رامكىسىدىن ئېشىپ ئەپسانىلىشىپ كەتتى. كېيىنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەنبەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ تارىخىي ئۈچرىشىشنى تۈرلۈك مۇبالىغە ئۇسۇللىرى بىلەن ئەسلىدىن يىراق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قوياتتى. ھەتتاكى «تىللارغا داستان بولغان فارابىي زامانداشلىرى ئىچىدە تەڭدىشى بولۇشى ئىمكانسىز قالغان دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئالدىغا شۇنداق مۇنازىرىگە چىقىپتۇمىش» دېگەن شەكىلدە كۆرسىتىلدى.

لېكىن، تۈرلۈك تارىخىي خاتالىقلار، دىراماتىك مۇبالىغىلەر ۋە ماسلاشتۇرۇشلارغا قارىماي، فارابىينىڭ ھەقىقىي شەخسىيىتىنى نەقىل قىلىنغان بۇ ئۈچرىشىشتىكى بىر - بىرىگە زىددىيەتلىك بولغان مەزمۇنلار ئىچىدىن ساغلام بىر شەكىلدە چىقىرىش مۇمكىن.

تېخى ئۈچرىشىش باشلىنىپ - باشلانماي تۇرۇپلا دىققەتنى تارتقان بىر نورماللىقسىزلىقنى يولۇقىمىز. بايانغا كۆرە فارابىي ئۇ تارىخىي كۈندە: «ئۆلىمالار بىلەن يۇقىرى سەۋىيەدە بىر مۇسابىقىگە چۈشۈش ئۈچۈن ھۆكۈمدارنىڭ دىۋانىغا بارغىنىدا، بىر تۈرلۈك پەرۋاسىزچە ھەرىكەت قىلغان. ئۇ كۈنگە قەدەر بىلىنگەن مۇراسىم قائىدىلىرىگە قارشى ھالدا مەجلىسكە كىرگەن ۋە ئۆزىگە ئائىت بولمىغان بىر يەردە ئولتۇرۇپ، مەجلىستىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ھۆكۈمدار ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا كۆز يۇمغان.»

بۇنداق بىر نەقىل ھېچ شۈبھىسىزكى، سەھرايى - قىرلاردىن كەلگەن سەممىي بىر تالانت ئىگىسىنىڭ مۇراسىم رەسىم - قائىدىلىرىنى بىلمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ياكى بىلگەن بولسىمۇ بەك پەرۋا قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل پوزىتسىيە فارابىينىڭ مىجەز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- خۇلقى، يېتىشكەن مۇھىتى ۋە شارائىتلىرىگە زىت بولمىغىنىدەك، دەسلەپتىلا چۈشەندۈرۈلگەندەك كىبىرلىك ھەرىكەتمۇ ئەمەس. بىلىمدىنمۇ يۇقىرى بىر قىممەتنى تونۇمايدىغان، ئىلىم ۋە تەپەككۇر شەخسىيىتى بىلەن ئەمەل - مەنسەپ ئۈچىلىقى ئارىسىدا ھېچبىر باغلىنىش قويمىغان بىر تالانت ئىگىسى، تاشقى كۆرۈنۈشتە سەل پەرۋاسىز كۆرۈنگەن بۇ ھەرىكىتىدىمۇ سەممىي ۋە سۆيۈملۈك بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمدارنىڭ بۇنىڭغا كۆز يۇمغان كەڭ قورساقلىقى بۇنى چۈشەندۈرگەن بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە بىر سەمىمىيەت بار. بۇ يەردە ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ئۆزمەپتۇنلۇق ئارىسىدىكى يىراق - يېقىندىن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان تەمكىنلىك ۋە پەرۋاسىزلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي تېما بار. فارابىي مەجلىسكە كىرىپلا ئۆزىنىڭ ياسالمىلىقتىن خالىي ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مەن مانا مۇشۇنداق بىر ئادەم، قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار» دېگەن ئىپادىنى بەرگەن. بۇ ھەر تۈرلۈك مىش - مىش سۆزلەرگە ۋە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارغانلارغا قارىتا ئۆز مەيدانىنى ئاشكارا كۆرسەتكەن ئىپادە بولۇپ ھېسابلىناتتى.

بىر قانچە مەنبەلەردە ئېيتىلىشىغا قارىغاندا فارابىي سەيفۇددەۋلەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا، ھۆكۈمدار ئەتراپىدىكىلەرگە پەقەت ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان بىر تىل بىلەن:

— ئەمدى مەن فارابىيدىن بىرقانچە سوئال سورايمەن،

ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىڭلار! — دېگەن.

فارابىي بۇنى ئاڭلاپلا، ئوخشاش تىل بىلەن:

— بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلمەي تۇرۇپ قارار بەرمەڭلار، — دېگەن.

بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ئۇلار ئارىسىدىكى تىلنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇ تىلدا سۆزلىشى مەجلىستىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغان.

بۇ يىغىلىشنى بايان قىلغان مەنبەلەردە، سورۇندا ئولتۇرغان ئالىملارنىڭ فارابىي بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە كۈچ ۋە جاسارەت تاپالمىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. سورۇندىكىلەر فارابىينىڭ سورالغان سوئالغا بەرگەن جاۋابلىرىنى ئاۋۋال ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىغان، ئاندىن دەپتەرلىرىنى چىقىرىپ خاتىرىلەشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى بىرمۇ - بىر خاتىرىلەپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گىرەلىشىپ كەتكەن داستان ۋە ئىبرەت

بىر ئازدىن كېيىن شاراپ سورۇنى قۇرۇلۇپ، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن - تاماشا باشلىناتتى. فارابىي ئۆمرى بويى بىر يۇتۇم شاراپ ئىچىپ باققان ئىنسان ئەمەس، يەنىلا ئىچمەي تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ھۈنەر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى توپلانغانلارنىڭ بىچارىلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئۆزى ياسىغان قالۇننى بىر پەدە چېلىشنى نىيەت قىلىدۇ. بىر پەدە بولغاندىمۇ شۇنداق بىر پەدە بولغان... ئاۋۋال جانلاندۇرغۇچى ھەتتا باشقىلارنى كۈلدۈرگىدەك بىر كۈيدىن باشلاپ، سورۇن ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ. بۇ ئۇ زامانغىچە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان بىر تۇردىكى مېلودىيە ئىدى. بۇ كۈينىڭ ئىجرا ئۇسلۇبى ۋە سۆزلىرىمۇ ئاڭلىغۇچىلارغا غەلىتە بىلىنگەن. ئارقىدىنلا ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋۋال چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆمدۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۆركىرىتىپ يىغلىتىشقا باشلايدىغان بىر كۈينى ئورۇنلايدۇ. بۇ چوڭ ئەمما نازۇك بولغان مازاق قىلىشنىمۇ بەك ئۇزۇن داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئەمدى ئۆزىنى دائىم يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان، «ئىنكارچى» دېگەن سۈپەت بىلەن تۆھمەت قىلىدىغان كىشىلەرگە ئاخىرقى ئىبرەت شاپىلىقىنى سېلىشقا نۆۋەت كەلگەنىدى. ئەمدى سازىنى ئۇخلىتىدىغان بىر كۈيگە باشلاپ، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەيرانلىق تولغان كۆز قاپاقلىرىنى كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. گەرچە ئۇلار فارابىينىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن دەرسىنى چۈشەنگەن

بولسىمۇ، ئەمما ھېچ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالمايتتى. فارابىمۇ ئۇلارنىڭ ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن ھۈنىرىگە قارىتا بېرىدىغان پىكىر - كۆز قاراشلىرىنى ساقلىمايلا سورۇننى تەرك ئېتىپ چىقىپ كېتىدۇ.

ھېكايە بۇ ھادىسىدىن كېيىن سەيفۇددەۋلە تەرىپىدىن ماختاپ، ئېتىراپ قىلىش بىلەن ئاياغلاشماقتا.

9- 10- ئەسىرلەردىكى ئەرەب - ۋىزانتىيە ئۇرۇشلىرىنىڭ جەڭگىۋار قەھرىمانى سەيفۇددەۋلە بىلەن فارابىي ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەنلىكى نەقىل قىلىنغان بۇ ۋەقە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ فارابىينىڭ نەقەدەر ھەيرانلىق قوزغىغانلىقى ھەتتا قەھرىمانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىق جەھەتتىن ھەقىقىي بىر ھايات كارتىنىسى قەدەر مۇھىم بولسا كېرەك. كېيىنچە يەنە فارابىي تېخىمۇ يۈكسەلتىلىپ، سەيفۇددەۋلەنىڭ شامنى فەتھ قىلىش يۈرۈشىگە قاتناشقان قىلىپمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

فارابىينىڭ ئاكتىپ خاراكتېرى، ئىلىم ۋە تەپەككۇر ساھەدىكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ ئەپسانىلىشىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھەققىدە يەنە بىر داستانمۇ كەڭ تارقالغان. بۇنىڭغا قارىغاندا فارابىي پەقەت ئىلىم قەھرىمانىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى زاماندا يەنە ئەپسانىۋى بىر چېلىشچىدۇر. بەيھەقىنىڭ بۇ ھەقتە نەقىل قىلغان رىۋايىتى مەيلى توغرا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەركەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا بىر ئىشارەت ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈنلەي ئويدۇرما بولۇشى ئەقىلغا مۇۋاپىق كەلمىگەن بۇ ھادىسە بەيھەقىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆرە شۇنداق يۈز بەرگەن:

«فارابىي شامدىن شۇ زامانلاردىكى ئاق دېڭىز بويلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم پورتلاردىن بىرى بولغان ئەسقەلانغا بېرىشقا ئاتلانغىنىدا، يولدا بۇلاڭچىلارغا ئۇچرىغان. بۇلاڭچىلار يۈك - تاق ۋە ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە كىتابلارنىمۇ بۇلىماقچى بولغان، ئەمما بۈيۈك ئالىم كىتابلارغا چېقىلماسلىق شەرتى بىلەن بارلىق مال - مۈلۈك، ھايۋانلىرىنى بېرىشكە رازى بولغان، ئەمما بۇلاڭچىلار بۇنىڭغا ماقۇل كەلمەي، كىتابلارغا قول ئۇزاتقان. ئاخىرى فارابىي ئۆزى يالغۇز ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا باشلىغان. بۈيۈك ئالىم بۇلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندا، ئېغىر ياردار بولغان سەۋەبلىك شۇ يەردە ۋاپات بولغان. بۇ ھادىسىنى ئاڭلىغان سەيفۇددەۋلە ناھايىتى قاتتىق قايغۇرغان ۋە دەرھال بۇلاڭچىلارنى تۇتۇپ كېلىپ، فارابىينى دەپنە قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئاسقان.»

ئەلۋەتتە بۇ ھېكايىنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى يوقتۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى فارابىينىڭ ئادەتتىن تاشقىرى شەخسىيىتى قالدۇرغان ئىزلارغا كۆرە ئوقۇرمەنلەرگە بىر پىكىر سۇرەتلەپ بېرىش مەقسىتىدە زىكىر قىلغىنىمىزدىن كېيىن، ئەمدى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بايانلار بىلەن بۈيۈك تالانت ئىگىسى ئالىمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى تەسۋىرلەشكە باشلايمىز:

# ئاخىرقى ئايرىلىش

فارابىي 70 ياشلىرىدا بۈيۈك ۋە مۇھىم ئەسەرلىرىنى يازغان باغداتتىن ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسلىك نىيىتى بىلەن ئايرىلىدۇ. بۇ ئاخىرقى سەپىرىنىڭ ھەرخىل سەۋەبلىرى بار ئىدى، ئەمما ھەممىسى ئاخىر ئورتاق بىر نۇقتىدا بىرلىشىدۇ: باغدات ئەمدى بۇنداق بىر تالانت ئىگىسى ئالىم ئۈچۈن مۇنبەت مەركەز بولۇشتىن چىققان ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان شام، ھەلەپ، ئىسكەندەرىيە ۋە قاھىرە قاتارلىق يەرلەرنى كۆرۈش ۋە زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن فارابىينىڭ ئەمدى باغداتتا تۇرۇشىغا ھېچقانداق سەۋەب قالمىغانىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا باغداتتا مەزھەپ توقۇنۇشلىرى ئېغىرلاپ نەپرەت چېگرىسىغا بېرىپ يەتكەنىدى. ئىلگىرى بىرئاز ئۈمىد كۆرۈلگەن بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئەمدى داۋالاش ئىمكانى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسى نوپۇز دېگەن بىر كۈچتىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ مەيداندا ئەھلى سۈننەتتىن باشقا مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش - تالاشلار خېلىلا ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئىلىم ۋە تەپەككۇر ئەھلى ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر مۇخاتەپمۇ (مۇنازىرىلەشكۈچى) قالمىغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا فارابىينىڭ باغداتنى قايتا كەلمەسلىككە تەرك ئېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، شەھەردە مەيدانغا كەلگەن قەھەتچىلىك دەپمۇ خاتىرىلەنگەنىدى. ئىبنۇل

بەربەرنىڭ باغداتنى قولىغا ئېلىپ ۋەيران قىلىشى ۋە ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ماددى قىيىنچىلىقلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شەھەرنى تەرك قىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئەمما فارابىيغا ئوخشاش ئەڭ ئازغىنە قانائەت قىلىدىغان، بۇرۇندىن تارتىپ يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بىر ئىنساننىڭ پەقەت بۇ ماددى قىيىنچىلىق تۈپەيلىلا باغداتنى تاشلاپ كەتتى دېيىش ئەقىلگە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ئەھۋال يۈز بەردى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ شەھەرنى بالدۇرراق تاشلاپ كېتىشىنى بىرئاز تېزلىتىشكە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىم سەۋەبنى فارابىينىڭ سەيلىكەش خاراكتېرىدىن ئىزدەش تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولىدۇ.

## ئۆز شېئىرلىرىدىن

فارابىي باغداتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن مىسىرغا كەلگەن. يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئىسكەندەرىيە ۋە قاھىرەدە بۈيۈك بىر دىنامىزملىق(جانلىق) روھ بىلەن تەتقىقات ۋە ئۆگىنىشلىرىنى داۋام قىلدۇ. ۋەسىجىنىڭ ھارماس - تالماس بۇ ئىلىم ئىزدىگۈچىسى تۇنجى بولۇپ بۇيەردە تەسەۋۋۇپ ھاياجىنىنى بىلگەن ۋە ئېتىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدىلىكتە ئۇزۇن بىر ئۆمۈرنىڭ بۈيۈك ئىلىملىرى ئەسلى مېۋىسىگە يېقىنلاشقانىدى. ھاياتىدىكى تۈرلۈك كەمچىلىكلەر، چوڭقۇر سىياسىي ۋە پىكرى توقۇنۇشلار فارابىيدا جەمئىيەتكە قارىتا كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر ئۈمىدسىزلىكنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقارغانىدى.

ئۆمرىنىڭ بۇ مەزگىللىرىگە كەلگەندە شەخسىنىڭ ئۆز نەپسىدىن ئىبغىر بىر ھېساب ئېلىش ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەنىۋى كۈچ ئىزدىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ ھال ھەقىقەتەن ياخشى بىر شائىر بولغان فارابىينىڭ مىسرالىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تۆۋەندىكىدەك تاپقان:

ھەم چېكىنگەن تەتۈر بۇ زامان دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قاتقان تۇگەل،
ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا.
ھاجىتىم بىلسەم ئۆزۈمنىڭ جانىغا راھەت كېرەك،
نۇر چۈشۈپ تۇرماق ئۈچۈن مەندەك پېقىر ئالىقانىغا.
بىر نىدا كەلدى ماڭا ئىلكىمدىن نۇر بەرقىدىن،
زوق - ھۇزۇرى ئوخشىغان مىسلى ساما جەۋلانىغا.
يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،
مېۋە تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا.

فارابىي ئۆمۈر بويى مەڭگۈلۈك ھاياتقا(ئاخىرەت) كۆڭۈل بۆلگەندەك باشقا نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرمىغانىدى. ئاخىرقى يىللاردا ئۇنىڭ قايسى خىل روھ ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى تۇۋەندىكى باشقا بىر شېئىرىدىن كۆرەلەيمىز:

ئەي قېرىنداش، خالىي تۇر ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا،
ھەق - ئادالەتنىڭ قېشىدا سەن ماكان تۇت دائىما.
بۇ جاھان ساڭا تۇرار مەڭگۈ مەقام - جايمۇ ئەمەس،
قالغۇسى قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېكىممۇ يانا.
قالغۇسى مۆجىزە بولۇپ ئىچچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ،
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تىرەن مەزمۇن پاراسەتلىك ئاڭا.
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە،
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا.

## ئاخىرقى سەپەر

فارابىي ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىنى شامغا قىلغانىدى. ئەمدى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپ قانائەتلىرىنى باغلاشتۇرغان ئاخىرقى ئەسىرىنى روياپقا چىقىراتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈش، بەزى بۆلۈملەرنى تۈزىتىشى كېرەك ئىدى. بۇ بۈيۈك ئالىم، تالانتلىق ئىجادىيەتچى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يېشىنىڭ چوڭىيىپ كەتكەنلىكىدىن ۋاپات بولاتتى. شاملىقلار تەرىپىدىن ئەۋلىيادەك قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشكەن فارابىي، ھاياتىنىڭ ئىنتايىن رەڭدار ۋە ئاكتىپ ئۆتۈشىگە قارىماي، دۇرۇس، ئىنساپلىق ۋە يۈكسەك ئەخلاقلىق بىر داھىي سۈپىتى بىلەن قەھرىمان كەبى تارىختا ئايلانغانىدى. ئارقىسىدا 160 پارچە ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، مەزمۇنى بۈيۈك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ساناقلىق كىشىلەر ئارىسىغا ئىسمى يېزىلغان بۈيۈك ئالىم فارابىي تەخمىنەن مىلادىيە 950 ـ يىلى ۋاپات بولغان. مىڭ يىل ئاۋۋال بۇ دۇنيادىن سەپەر قىلغان بۇ بۈيۈك داھىي، ئەسەرلىرى بىلەن مەڭگۈ ئارىمىزدا.

# فارابىنىڭ پەلسەپىسى

فارابىنىڭ فىزىكا ۋە مېتافىزىكا پەلسەپىسى بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ئۈچ نەزەرىيەدىن تەركىب تاپقان:

ئۇلۇھىيەت

ئەقىل

نۇبۇۋۋەت

تۇنجى نەزەرىيەگە (ئۇلۇھىيەت) كۆرە ئاللاھ بىردۇر، بارلىقى زاتىغا زۆرۈرىيدۇر. بار بولۇش ئۈچۈن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە موھتاج ئەمەس. چەكسىز مۇكەممەللىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەۋجۇتلۇق باشقا ھېچبىر مەۋجۇتلۇققا ئوخشىمايدۇ.

ئىبنى رۇشد، ئىبنى سىنا ۋە مەيمۇنىدەسنىڭ ئىبرانى پەلسەپىسىدە داۋام قىلغان بۇ ئاللاھ تەسەۋۋۇرى، غەززالىنىڭ «تەھافەتۇل فەلاسىفە» ناملىق ئەسىرىدە تەنقىد قىلىنغان. غەززالى بۇ خىل ئاللاھ تەسەۋۋۇرى بىلەن ئاللاھنى باشقا بارلىق مەۋجۇداتتىن ئايرىپ قاراشنى ئىسلام ئېتىقادىغا قارشى دەپ قارايدۇ. ئەمما فارابىي تەسەۋۋۇپ ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن مەۋجۇدات ئارىسىدىكى بۇ ئۈزۈلۈشنى يوق قىلىدىغان چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى ئىنسان «مۇراقەبە» يولى ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن بىرلىشەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئۆزىنى تاپالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، فارابى بۇنىڭ بىلەن

ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنغان.

فارابىي ئەقىل نەزەرىيەسىدە ئەڭ كۆپ روھ بىلەن نەپس ھەققىدە توختالغان. چۈنكى ئۇنىڭغا كۆرە بەدەن يېشىپ يېتىلىش تەرەققىياتىنى روھتىن ئالىدۇ. روھنىڭ تەرەققىياتى بولسا ئەقىل بىلەن ئىمكانىيەتكە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي ئىنسان روھ، بەدەن ۋە ئەقىلدىن شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش ئاساسىي سۆز ئېمىسى قىلىدۇ.

فارابىينىڭ پەلسەپىسىنى باشقا پەلسەپىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى ئۇنىڭ نۇبۇۋۋەت يەنى پەيغەمبەرلىك نەزەرىيىسىدۇر. ئۇنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەرلىك ئەقىل بىلەن تۇيغۇ دۇنياسى ئارىسىدا يەر ئالىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرلىك ھەقىقىي چۈش بىلەن توغرا ئىلھامغا ئوخشىغان تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا خاستۇر.

فارابىينىڭ دۆلەتچىلىك نەزەرىيىسى ئەپلاتوننىڭ تەسىرى ئاستىدا. ئۇرغۇنلىغان تەبئىي ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن ئىنسانلار مەيلى ياخشى ياكى ئەسكى بولسۇن بىر كىشىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا توپلىنىپ دۆلەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ دۆلەت ناچار ۋە زالىم بىر ئىنساننىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولسا، دۆلەتمۇ ناچار ـ زالىم، جاھالەت دۆلىتى بولىدۇ. ئەمما دۆلەت ئەلباشىلىرى ياخشى بولسا بولۇپمۇ پەيلاسوپ بولسا، دۆلەتمۇ ياخشى، تۈزۈلمىلىك دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئېخى بۇ ياخشى باشلىق پەيغەمبەر ۋە پەيلاسوپلارنىڭ بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىجابىي سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەن بولۇشى كېرەك.

ھېچ شۈبھىسىزكى، فارابىينىڭ بۇنداق بىر ئېھتىياجنى شەرت قىلىشى ئەھلى سۈننەت ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلىرى قوبۇل قىلمىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى بىر ئىنساننىڭ دۆلەت ئەلباشى بولىشىمۇ پەيغەمبەر ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشى ھەر تۈرلۈك ياخشىلىققا يېتەرلىك. فارابىي ياخشى دىنىي تەربىيە ئالغان بىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئەركىن چۈشەنچىنىڭ تەسىرىدە بۇنداق يان دەستەكلەر ئىزدەپ يۈرۈشىنىڭ پىسخولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشلىرى تېخىچە ئېچىلمىغان بىر مەسىلىدۇر.

قىلىش يېتەرلىكتۇر:

بۈيۈك تېبابەت ۋە پەلسەپە داھىيسى ئىبنى سىنانىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» ناملىق ئەسىرىنى دەل 40 قېتىم ئوقۇپمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ھەتتاكى ئىبنى سىنا بۇ كىتابنى چۈشىنىشتىن تامامەن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ۋاقىتلاردا، فارابىينىڭ مۇشۇ تېما ھەققىدىكى بىر ئەسىرىنى تاسادىپى ئۇچرىتىپ قالغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ سايىسىدە ئىبنى سىنا ئارىستوتېلنى چۈشەنگەن ئىكەن. بۇ ۋەقەنى ئىبنى سىنا ئۆز شاگىرتى ئىبنى جۇزجانىغا ئېيتىپ بەرگەن، ئۇمۇ بۇنى تا بىزگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر رىۋايەت قىلغان.

فارابىينىڭ باشقا ئەسەرلىرى بولسا، ھەر تۈرلۈك ئىلىم ۋە پەنلەرگە دائىر ئۆز خىزمەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بىلەن پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلىرىدۇر. ئەمما بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، فارابىينىڭ پەلسەپىسى ئارىستوتېل ۋە ئەپلاتون پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلغان پىكىر سىستېمىسى بولۇپ، گەرچە ئۇ مۇستەقىل بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ئەسلىي ئەمەس.

ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى كىچىك رىسالە شەكلىدە يازغان فارابىينىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى: باشقا ئىلىم ئىگىلىرى، پەيلاسوپلار توم - توم كىتابلارغا سىغدۇرالمىغان پىكىر ۋە بىلىملەرنى ئۇ قىسقا مەتىنلەرگە سىغدۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدۇر. ئۇ تۇنجى

قەلەمنى قولىغا ئالغان ياشلىقىدىن باشلاپ ھېچقاچان پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتە قېيىنچىلىق كۆرمىگەن. ئەمما ئاڭلىماققا ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بەكلا ئاساندەك بىلىنگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تۇنجى قاراشتىلا چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ قىسقا مەتىنگە سىغدۇرۇلۇۋەتكەن زور ھەجىمدىكى پىكىر ۋە بىلىملەردۇر.

بۇ يەردە 160 كىتابىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇرۇشقا ئىمكانىيىتىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زۆرۈر دەپ قارالغان بىرقانچە كىتابچىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىشنى توغرا تاپتۇق:

«مراتب العلوم» (مەراتىبۇل ئۇلۇم)

«ئىلىملەرنىڭ دەرىجىلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن ناھايىتى كىچىك بولۇپ، تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ بىرىكمىلىرى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە توختالغان. بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان، «De Ortu Scientiarum» ئىسىملىك بۇ تەرجىمىنىڭ بىرقانچە قولىيازمىسى ۋە بىرقانچە باسمىسى بولۇپ، قولىيازما نۇسخىسى پارىژ ۋە بادلىيانىدا ساقلانماقتا.

«ئىلىملەرنىڭ دەرىجىلىرى» كىتابى فارابىي ئەسەرلىرىنىڭ تەسىر ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ موللۇقى جەھەتتىن ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەردىن سانىلىدۇ. «تەباقاتۇل ئۇمەم»نىڭ ساھىبى قازى ئىبنى سەئىدنىڭ بۇ كىتابقا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى جۈملىلىرى ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يورۇتۇپ بېرىدۇ:

«فارابىنىڭ ئىلىملەرنى تۈرگە ئايرىپ ئۇلارنىڭ غايىلىرىنى بىلدۈرۈش ھەققىدە مۇھىم بىر كىتابى باردۇركى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇنداق بىر ئەسەر يازمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم تېخى ھېچكىم بۇ يولدا ماڭمىدى. بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى خالىغانلار بۇ كىتابنىڭ رەھبەرلىكىدىن بىھاجەت قالالمايدۇ ۋە ھەر نەرسىدىن ئاۋۋال ئۇنى بىر كۆزدىن كەچۈرۈشى كېرەك.»

ھەقىقەتەنمۇ فارابىي ئىلىملەرنى مۇھىملىق تەرتىپىگە ئايرىغان بۇ ئەسىرىدە ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر مەنبەدىن نەقىل ۋە ئىلھام ئالمىغان. ئوتتۇرىغا قويغان تۈرگە ئايرىش تامامەن ئۆزىگە خاس ئەسلىي بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ھېچبىر تەرىپى يوقتۇر.

«**كتاب ما ينبغي أن يقدم قبل تعلم فلسفة**» (كىتابۇ ما يەنبەغى ئەن يۇقەددەم قەبلە تەئەللۇمىل فەلسەفە)

«پەلسەپىدىن ئىلگىرى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ كىتاب، ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرىكى كېرەكلىك تەييارلىقلارنى ئۆگىتىش ماھىيىتىدىكى بىر كىچىك كىتابچىدۇر. ئۇ بۇ كىتابتا پەلسەپىۋى ئېقىملارنى، پەلسەپىگە كىرىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلىم تۈرلىرىنى، پەلسەپىنىڭ پايدىسىنى، ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىدىكى غايىلىرىنى، پەلسەپە ئۆگىنىشنىڭ يوللىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئىسمى ئۇزۇن بولغان بۇ ئەسەر ئېبىرانچىغا ۋە ئىبرانچىغا تەرجىمە قىلىنغان، بۇ كىتاب قاھىرە، دەلھى ۋە لەيدەندە بېسىلغان.

«**جوامع كتب المنطق**»(جەماۋىئۇل كۇتۇبىل مەنتىق)

«مەنتىق كىتابلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن مەنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان بۇ ئەسەر مەنتىقتا مۇناسىۋەتلىك كۆپ خىل بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**«كتاب المدخل في المنطق»** (كىتابۇ مەدخەل فىل مەنتىق)

«مەنتىق ئىلمىگە كىرىش كىتابى» دەپ قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەسەر، مەنتىق ئىلمى ئۇچۇن باشلانغۇچ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى قېتىم ئىبرانچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى مىيۇنخىندىكى كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا.

**«فصول يحتاج إليها في صناعة المنطق»**(فۇسۇل يەھتاجۇ ئىلەيها فى سەنائەتىل مەنتىق)

«مەنتىق سەنئىتىگە ئېھتىياج بولغان پەسىللەر» مەنىسىدىكى بۇ ئەسەرمۇ مەنتىق ئىلمىغا كىرىش ماھىيىتىدە ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى ناھايىتى غەلىتە، يەنى ئەرەب تىلىدا، ئەمما ئىبرانىي ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، پارىژدىكى «دۆلەتلىك كۇتۇپخانا»دا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر ئىبرانىيچىغا ئۈچ قېتىم تەرجىمە قىلىنغان.

**«كتاب القياس الصغير»**(كىتابۇ قىياس سەغىر)

«كىچىك قىياس كىتابى» مەنتىق ئىلمىدىكى قىياستا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر بېرىلگەن بىر ئەسەردۇر. ئىبنى باجە تەرىپىدىن بۇ كىتابقا بىر شەرھى يېزىلغان. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ ئىبرانچىگە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىمۇ بار.

«كتاب السفسطة»(كىتابۇن فى سەفسەتە)

«سەپسەپتە ھەققىدە كىتاب» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەردە مەنتىق ئىلمىدىكى سەپسەتىگە ئالاقىدار بىلىملەر ھەققىدە توختالغان. بۇ ئەسەرنىڭمۇ ئىبرانىيچىگە تەرجىمە قىلىنغان بىرقانچە نۇسخىسى بار.

«كتاب الخطابة»(كىتابۇن فى خىتابە)

«خىتاب ھەققىدە كىتاب» ناملىق بۇ ئەسەردە خۇددى فارابىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايەتلەردە بولغىنىدەك مۇبالىغىلەر بار. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا بۇ كىتاب 20 جىلد بولۇپ، خىتاب ھەققىدىكى تېمىلاردا توختالغان. ئەمما فارابىيغا ئوخشاش كىچىك ھەجىمدە مول مەزمۇن ئىپادىلەيدىغان مېتود قوللىنىدىغان بىر ئالىمنىڭ 20 جىلدلىق بىر ئەسەر يېزىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن كۆرۈنمەيدۇ.

«كتاب النكت فيما يصح وما لا يصح من أحكام النجوم»(كىتابۇن نۇقەت فى ما يەسىھھۇ ۋەمالا يەسىھھۇ مىن ئەھكامىن نۇجۇم)

«يۇلتۇزلار ئەھكاملىرىغا ئالاقىدار توغرا بولغان ياكى بولمىغان نۇقتىلار ھەققىدە» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەردە فارابىي، يۇلتۇزلارغا قاراپ كېلەچەك ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ خاتالىقى ۋە پايدىسىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە توختىلىدۇ. بىرقانچە قوليازمىسى بولغان بۇ ئەسەر كۆپ قېتىم بېسىلغان. تۈركچىگە پەقەتلا بىرقىسمى تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەر نېمىسچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغان.

«كتاب الموسيقى الكبير»(كىتابۇلمۇسىقىل كەبىر)
«بۈيۈك مۇزىكا كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەل قاسىم ئەل كەرخى نامىغا يېزىلغان. R.d’Erlanger تەرىپىدىن «La Musique Arab» نامى بىلەن پارىژدا 1830 ـ يىلىدا مەتنىسى بېسىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى كېيىنچە ئوخشاش كىشى تەرىپىدىن فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«كتاب مدخل في الموسيقى»(كىتابۇ مەدخەل فىل مۇسىقى)
«مۇزىكىغا كىرىش كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى قىلىچ ئەلى پاشا كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا دۇنيا كۇتۇپخانىلىرىدە ساقلانغان. ئەسەرنىڭ بىر قىسمى H. G Farmer تەرىپىدىن قىسقا تەرجىمىلىرى بىلەن بىرلىكتە «Collection Of Arabic Writers On Music» ناملىق ئەسەردە نەشر قىلىنغان.

«كتاب في العقل»(كىتابۇن فىل ئەقىل)
«ئەقىل ھەققىدە كىتاب» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بىر شەكلىمۇ بار دېيىلمەكتە. بىرى چوڭ، يەنە بىرى كىچىك بولغان بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ قولىمىزدا بار بولغىنى ئىككىنچىسى. ئەقلىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈرلىرى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى قەلەمگە ئالغان بۇ ئەسەرنىڭ نەچچە خىل قولىيازمىلىرى بار. بۇ ئەسەر ئۈچ قېتىم لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«كتاب عيون المسائل»(كىتابۇ ئويۇنىل مەسائىل)

«مۇھىم سوئاللار كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ كىتاب 360 سوئالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سوئاللارنىڭ تېمىسى: مەنتىق، تەبىئەت بىلىملىرى ۋە ئىلاھىيەتكە ئالاقىدار بىلىملەردۇر. مەنتىققا ئائىت بولغان سوئاللار بۇ ئىلىمنىڭ مۇقەددىمىسى ماھىيىتىدىكى مەزمۇنلارنى سۇناقتا. فارابىينىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىلمىي سەۋىيەدە قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەسەردە يەر ئالغانلىرى كېيىنكى ئەسەرلەرگە مەنبە بولىدىغان چۈشەنچە ـ پىكىرلەر ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭمۇ بىرقانچە نۇسخا قولىيازمىلىرى بار، تۇنجى باسمىسى 1836 ـ يىلى گېرمانىيەدە بېسىلغان. كېيىنچە بۇ ئەسەر Dieterici تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ بەزى پارچىلىرى ئىبرانىيچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

«كتاب الواحد والوحدة»(كىتابۇل ۋاھىد ۋەل ۋەھدە)

«بىر ۋە بىرلىك» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر ئەسلىدە كىچىك بىر رىسالىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما «بىر» ئۇقۇمى ۋە «بىر» كەلىمىسىنىڭ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مەنىلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىلغان بۇ ئەسەر تېخىچە قولىيازما ھالىتىدە، شۇنداقلا بېسىلىپ باقمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

«كتاب أغراض الحكيم أرسطو»(كىتابۇ ئەئرازۇل ھەكىم ئارىستوتېل)

«پەيلاسوپ ئارىستوتېلنىڭ مەقسەتلىرى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەردە فارابىي، گرېك پەيلاسوپىنىڭ «مېتافىزىكا» دېگەن ئەسىرىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تۇتۇنغان. ئىبنى سىنانىڭ ئارىستوتېلنى چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلىغان كىتاب دەل مۇشۇ. فارابىينىڭ بۇ كىتابىنى Dieterici تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان.

«كتاب فلسفة أفلاطون»(كىتابۇ فەلسەفەئى ئەفلاتون)

«ئەپلاتون پەلسەپىسى كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ غايىسىمۇ ئەپلاتون ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بىر شەكىلگە كەلتۈرۈشتۇر. ھەرھالدا بۇ ئەسەر شۇ دەۋردە ئۆز مەقسىتىگە يەتكەن. پەقەت بىر تاللا نۇسخىسى ئاياسوفىيا مۇزېيىدا ساقلانغان بۇ ئەسەر لاتىنچە تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە F. Rosenthal بىلەن R. Walzer تەرىپىدىن بېسىلغان. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئىبرانىيچىگە تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان.

«المسائل الفلسفية والأجوبة عنها»«ئەلمەسائىلۇل فەلسەفىيە ۋەل ئەجۋىبەتۇ ئەنھا»

«پەلسەپە سوئاللىرى ۋە ئۇلاردىن جاۋابلار» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر ئىسمى بىلەنلا ئىچىدىكى مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. بەزى مەنبەلەردە بۇ ئەسەردە 23 سوئال بولۇشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان بولسىمۇ،

ئەمما بۇگۇنكى نۇسخىلىرىدا 42 سوئال ۋە جاۋاب بار. بۇمۇ فارابىي تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ياكى يېزىلغان بەزى خاتىرىلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن رىسالە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇش ئېھتىماللىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. Dieterici بۇ ئەسەرنىمۇ نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا Todros Todari تەرىپىدىن لاتىنچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

«كتاب تحصيل السعادة»(كىتابۇ تەھسىلىسسەئادە)

«سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر ئەخلاقىقا دائىر بىر كىتاب بولۇپ، بەزى پارچىلىرى ئىبرانىيچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە ھەيدەرئابادتا بېسىلغان.

«كتاب تنبيه على سبل السعادة»(كىتابۇت تەنبىھ ئەلا سەبەلىسسەئادە)

«سائادەت يولىنى كۆرسىتىش كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر «سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش كىتابى» دېگەن ئەسەردىن پەرقلىق بولغان پەلسەپىۋى ئەخلاق ئەسىرىدۇر. بۇ كىتاب ھەيدارئاباد ۋە بومبايدا بېسىلغان.

«كتاب في مبادئ آراء أهل المدينة الفاضلة»(كىتابۇن فى مەبادىئى ئارائى ئەھلىل مەدىنەتىل فازىلە)

«پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى پىكىرلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى» (ئۇيغۇرچە ‹پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى› دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەردە فارابىي، خىيالى دۇنياسىدىكى بىر شەھەرنىڭ قانداق

بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان تېما دائىرىسى بەكمۇ كەڭ. ئاللاھنىڭ بىرلىكىدىن، سۈپەتلىرىگىچە، پەلەكلەر ھەققىدە، ئەقىل، نەپس ۋە بۇلارنىڭ دەرىجىلىرى ھەققىدە، جىسىملار، ئىنساننىڭ كۈچ، رەئىسلەرنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىشى ھەققىدە توختالغاندىن سىرت، يەنە پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھىي ھەققىدىمۇ سۆز قىلغان. بۇ ئەسەر Dieterici تەرىپىدىن «Der Musterscaat» دېگەن نام بىلەن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە لەيدەندە بېسىلغان.

«كتاب السياسة المدنية»(كىتابۇ سىياسەتىل مەدەنىيە)

«شەھەر سىياسىتى كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر «مەبادىئىل مەۋجۇدات» (بارلىقلارنىڭ باشلانغۇچى) دېگەن نام بىلەنمۇ ئېلىنغان. بۇ ئەسەرمۇ يۇقىرىدىكى كىتابتىكىگە ئاساسەن يېقىن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭمۇ خېلى كۆپ قوليازمىلىرى تېپىلغان. Mise Ben Samuel تەرىپىدىن ئىبرانىيچىگە تەرجىمە قىلىنغان ۋە بۇ تەرجىمە 1850 ـ يىلى لوندوندا بېسىلغان.

«كتاب الفاضل الأفلاطونية»(كىتابۇل ئەلفازىل ئەفلاتونىيە)

«ئەپلاتوننىڭ سۆزلىرى كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر، ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك ئەپلاتوننىڭ سۆزلىرىدىن توپلانغاندۇر. ئەخلاق ۋە سىياسەت ھەققىدە توختالغان بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل يازما نۇسخىسى

ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، ئەمما تېخىچە بېسىلمىغان.

«كتاب الجمع بين رأي الحكيمين»(كىتابۇ جەمئى بەينە رەئيىل ھەكىمەيىن)

«ئىككى پەيلاسوپنىڭ كۆزقاراشلىرىنى بىرلەشتۈرمە كىتابى» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەر، ئەسلىدە بۇ فارابىينىڭ ئەڭ قىينالغان، كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنى كۈچ سەرپ قىلغان، ئەمما كۆزلىگەن مەقسەت ئۈچۈن ئەڭ ئاز خىزمەت قىلالىغان بىر ئەسىرىدۇر. فارابىي ئۆزى چوڭ بىلىدىغان ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلدىن ئىبارەت ئىككى پەيلاسوپنىڭ ئارىسىدىكى پىكىر زىتلىقلىرىنى پەقەتلا زاھىرى زىتلىق دەپ قارايتتى. Dieterici تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان بۇ كىتاب، يەنە قاھىرەدىمۇ بېسىلغان. ھازىر ئۇنىڭ پارسچە تەرجىمىسىنىڭ قوليازمىسى ساقلانماقتا.

«كتاب فصول الحكم»(كىتابۇ فۇسۇسۇل ھىكەم)

«ھېكمەتلەر» دېگەن مەنىدىكى بۇ ئەسەردە تەسەۋۋۇپ ھېكمەتلىرى توپلانغان. بۈيۈك ئالىم بۇ ئەسىرىدە تەرىقەت رەھبەرلىرىنىڭ نەپسى تەربىيەلىرى ۋە يېتىپ بارغان مەرتىۋىلىرى ھەققىدە توختالغان. ۋەلىلەرنىڭ دەلىلسىز، سەنئەتسىز نەقىل قىلغان ماقام ۋە بىلىملىرىنى بەزى ھاياجانلىق ئۇسلۇبدا، بەزىدە مەنتىق كۈچى بىلەن ئىسپاتلاپ بايان قىلغان. ناھايىتى كۆپ يازما نۇسخىسى تېپىلغان بۇ كىتابقا ئۈچ شەرھ يېزىلغان. مەتىن ۋە

شەرھلىرى بىرقانچە قېتىم بېسىلغان. بۇلارنىڭ بىرى نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە M. Horten تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. فارابىينىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان بۇ كىتاب بەزى چەت ئەللىك تەنقىدچىلەر تەرىپىدىن فارابىينىڭ دەپ قوبۇل قىلىنمىغان. ھەقىقەتەن باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بولغان بەزى پەرقلىرى تۈپەيلى بىر قاراشتا فارابىينىڭ ئەمەسلىكى مەنتىقىلىق تۇيۇلسىمۇ. ئەمما كىتاب فارابىينىڭ باشقا بارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قىياس - مۇتالىئە قىلىنغىنىدا ساھىبىنىڭ ئىسمىنى ئۆزى بېرىدۇ. كىتابىنىڭ فارابىغا ئائىت ئەمەسلىكى ھەققىدە يېڭى دەلىللەر تېپىلغانغا قەدەر بۇ كىتاب فارابىينىڭ كىتابلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەي قېرىنداش، خالىي تۇر ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا
ھەق ـ ئادالەتنىڭ قېشىدا سەن ماكان تۇت دائىما
بۇ جاھان ساڭا تۇرار مەڭگۈ مەقام ـ جايمۇ ئەمەس
قالغۇسى قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېكىممۇ يانا
قالغۇسى مۆجىزە بولۇپ ئىخچام تەۋرروك سۆزلىرىڭ
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تىرەن مەزمۇن پاراسەتلىك ئاڭا
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا

— فارابىي